ئەسەرلەر گۈلىستانى

# كىشىلەر خۇلقىدا ئاساسلىق بولغاندۇ

(مىرزا بېدىل رۇبائىيلىرى)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# كىشلەر خۇلقىدا ئاسايلىق بولغايدۇ

(مىرزا بېدىل رۇبائىيلىرى)


پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئابلەت ئابدۇقادىر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور ئادرېسى

图书在版编目（C I P）数据

人不能太单纯：水至清则无鱼：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德主编. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2009.3

(经典之花系列丛书)

ISBN 978-7-80744-789-4

Ⅰ. 人… Ⅱ.阿… Ⅲ.维吾尔族－谚语－汇编－中国－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024487 号

从 书 名　经典之花系列丛书
本册书名　人不能太单纯
策　　划　穆拉提·伊力
主　　编　阿迪力·穆罕默德
编　　著　艾则孜·阿塔伍拉萨尔特肯　　阿不来提·阿不都卡地尔
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
特约编辑　哈斯亚提·依不拉音
责任校对　克尤木·吐尔逊
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编　830000
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　3
版　　次　2009 年 3 月第 1 版
印　　次　2009 年 3 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-80744-789-4
定　　价　9.90 元

（书中如有缺页，错页及到装请与工厂联系）

www.uyghurkitap.com

**مەجمۇئە ئىسمى:** كلاسسىكلار گۈلىستانى
**كىتاب ئىسمى:** كىشىلەر خۇلقىدا ساپلىق بولمايدۇ
**پىلانلىغۇچى:** مۇرات ئېلى
**باش تۈزگۈچى:** ئادىل مۇھەممەت
**تۈزگۈچى:** ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن   ئابلەت ئابدۇقادىر
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەنۋەر قۇتلۇق
**تەكلىپلىك مۇھەررىرى:** خاسىيەت ئىبراھىم
**مەسئۇل كوررېكتورى:** قەييۇم تۇرسۇن

**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830000
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى:**
**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر   1/32
**باسما تاۋىقى:** 3
**نەشرى:** 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
**باسمىسى:** 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-80744-789-4
**باھاسى:** 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «كىشىلەر خۇلقىدا سايلىق بولمايدۇ» دېگەن كىتابتا تاجىك يازما ئەدەبىياتىنىڭ تىپىك ۋەكىلى مىرزا ئابدۇقادىر بىدىل (1664 ـ 1721) نىڭ تاللانما رۇبائىيلىرى تونۇشتۇرۇلدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مىرزا ئابدۇقادىر بىدىلنىڭ ھايات پائالىيىتى[1]

مىرزا ئابدۇقادىر بىدىل (1644 – 1721) قەدىمكى تاجىك يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىپىك ۋەكىلى، تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى «ھىندىستان ئەدەبىي ئۇسلۇبى»نىڭ بەرپاچىسى. شۇنداقلا ئۇ يەنە ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخى، پەن - مەدەنىيەت تارىخى ۋە پەلسەپە تارىخىدا بەلگىلىك تۆھپە ياراتقان مۇتەپەككۇردۇر.

بىدىلنىڭ ئەسلىدىكى ئەجدادلىرى ئوتتۇرا ئاسىيالىق تاجىك پۇشتىدىن بولۇپ، كېيىن ئۇلار ھىندىستانغا كۆچۈپ بارغان. شائىرنىڭ ئۆزى 1644 - يىلى ھىندىستاننىڭ ئەزىم ئاباد دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇ پۈتكۈل ئۆمرىنى ھىندىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئۆتكۈزگەن.

«كۇللىياتى بىدىل» ۋە بىر قىسىم تارىخىي ئەسەرلەردە كۆرسىتىلىشىچە، شائىر بىدىل دۇنياغا كېلىپ بىر يىلدىن كېيىن دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئانىسىنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىپ چوڭ بولغان. بىدىل بەش يېرىم يېشىدا مەكتەپكە كىرگەن. يەتتە يېشىدا ساۋاتى چىققان. كىچىكىدىن تارتىپلا ئىلىم - پەنگە ئىشتىياق باغلىغان بىدىل مەدرىسىلەردە ۋە ئوقۇمۇشلۇق تاغىلىرى مىرزا قەلەندەر، مىرزا غىرىبلارنىڭ قولىدا

---

[1] بۇ مەزمۇن شىرىن قۇربان قاتارلىقلارىيازغان «تاجىك ئەدەبىيات تارىخى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

ئەرەب تىلى، پارس تىلى ۋە ھىندى تىلىنى ئۆگەنگەن. شەرق پەلسەپىسى بىلەن ئەدەبىياتىدىن چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بىلىم ئالغان.

شائىر نەۋقىران چېغىدىلا لىرىك ئىجادىيەتلىرى بىلەن خەلق ئارىسىدا داڭ چىقىرىشقا باشلىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىدىل تۇنجى رۇبائىيسىنى ئون ياشتا يازغان. 20 يېشىدا بىدىل شېئىرلىرىنىڭ دىۋانى دۇنياغا كەلگەن.

ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى داڭقى ئەينى زاماندا خەلق چېگراسىدىن ھالقىپ، ھىندى پادىشاھلىقىغا يېتىپ بارغان. ھىندى پادىشاھى شائىرنى ئۆز ئوردىسىغا تەكلىپ قىلغان. شۇنداق قىلىپ شائىر بىر مەزگىل ئوردا شائىرى بولۇپ قالغان. لېكىن شائىر ئوردا تۇرمۇشىغا كۆنەلمىگەن. شۇڭا ئۇ ئوردىدىن ئايرىلىپ، ھازىرقى بېنگالغا كېلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. شائىرنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى شاھى جاھان ئاباد دېگەن يەردە ئۆتكەن. ئۇ 1721 ـ يىلى شۇ يەردە 77 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

شائىر دەسلەپتە «زۆھرى»، كېيىن «بىدىل» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغان. شائىر دۇنياغا كېيىنكى تەخەللۇسى بىلەن تونۇلغان. «بىدىل» سۆزىنىڭ پارس تىلىدىكى لېكسىكىلىق مەنىسى «دىلسىز»، «كۆڭۈلسىز» دېگەندىن ئىبارەت. شائىرنىڭ ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن بۇنداق تەخەللۇس بىلەن ئاتىغانلىقى تا ھازىرغا قەدەر ئېنىق ئەمەس. ئۇ كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا ئۆزى ياشاۋاتقان پانىي دۇنيانى «بىۋاپا»، «رەزىل»، «جاھالەتلىك»، «دوزاخ»، «زىندان» دەپ ئەيىبلەپ، ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىن تولىمۇ بىزار ئىكەنلىكى، تەڭ ـ باراۋەرلىك ئاساسىدىكى بىر يېڭى دۇنياغا ئىنتىزار ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا قەيت قىلغان:

كۆزۈڭ ئاچ، نەدىدۇر دوزاخ ۋە جەننەت،
ئىشنىڭ نەتىجىسى مەھسۇلى مېھنەت.
..........................................
ۋەھىمىدىن، ئاي پاكلىق شېمى، سەن نېچۈن؟
گاھ يارقىن نۇرسەنۇ گاھ خىرە تۇتۇق؟
..........................................
ئەمرىڭگە مۇنتەزىر تۇرغاندا، ئالەم،
سەن نېمە خىيالغا ئەسىرسەن ئادەم؟[1]

بىدىلنىڭ يۇقىرىقىدەك مەيۇسلۇك ۋە نارازىلىق تۇسى بىلەن تولغان مىسرالىرىدىن شائىرنىڭ «بۇ دۇنيادا كۆڭۈلسىز كىشى»، «بۇ دۇنيادا دىلى سۇنۇق ئادەم» ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «بىدىل» تەخەللۇسىنى قوللانغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

شائىر هايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توپلانمىغان. ئۇ ۋاپات بولۇپ ئارىدىن 166 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1887 - يىلى هىندىستاندىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ۋە ئاتاقلىق مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ تەكلىپ ۋە تەلەپلىرى بىلەن بومباي شەهىرىدىكى چوڭ مەتبەئە خوجايىنى نۇرىدىن جۇۋاخان دېگەن كىشى مەخسۇس ئادەملەرنى تەشكىللەپ، هازىرقى هىندىستان، بېنگال ۋە پاكىستان دائىرىسىدە بىدىل ئەسەرلىرىنى توپلاشقا ئەۋەتكەن. ئۇلار ئۇزۇن يىللار جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ئاخىرى بىدىلنىڭ 14 چوڭ يىرىك ئەسىرىنى توپلاپ بومبايغا ئەۋەتكەن. بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان مەشھۇر «كۇللىياتى بىدىل» ئەنە شۇ چاغدا مەيدانغا كەلگەن.

[1] «دانالار خەزىنىسىدىن»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 321 - بەت.

«كۇللىياتى بىدىل» تارقالغاندىن كېيىن، خەلق ئىچىدە غايەت زور تەسىر قوزغىغان. شائىرنىڭ سۆز تاللاشتىكى ماھىرلىقى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە يېقىملىق گۈزەل مىسرالار بىلەن ئىپادىلىگەنلىكى، ئوخشىتىش، تەسۋىرلەش، سۈپەتلەش ۋە مۇبالىغە جەريانىدا ئىشلىتىلگەن ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئوبرازلىق بولۇشى، پىكىردىكى يېڭىلىق جاسارىتى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەھلىنى تاڭ قالدۇرغان. شۇ چاغدا مەيلى پەلسەپە ۋە نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەر بولسۇن، مەيلى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەر بولسۇن ۋە ياكى مەيلى دىنىي ساھەدىكىلەر بولسۇن، ھېچقايسىسى شائىرنىڭ بىرەر مىسراسىدىن ياكى ياراتقان بىرەر ئوبرازىدىن ۋە ياكى بىرەر سۆزىدىنمۇ ئەيىب تاپالمىغان. ئۇلار بىردەك ئاپىرىن ئوقۇشۇپ بىدىلنى جاھاندا تەڭداشسىز ئالىم ۋە مىسلىسىز شائىر دەپ باھالىغان.

بىدىل پۈتۈن ئۆمرىنى ھىندىستان، بېنگال ۋە پاكىستان (ئۇ دەۋرلەردە بۇ ئۈچ دۆلەت موغۇل ئىمپېرىيىسىگە قاراشلىق بىر پۈتۈن گەۋدە ئىدى) دا ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بارلىق ئەسەرلىرىنى تاجىك ئەدەبىي تىلىدا يازغان. بىدىل دەۋرىدە تاجىك ئەدەبىياتى ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا سەلتەنەتتىن قېلىپ، زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەنگەنىدى. بۇ چاغدا شائىر بىدىل جەنۇبىي ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاجايىپ يېڭىلىق يارىتىپ تاجىك مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس مۆجىزە ياراتتى. شۇ سەۋەبلىك بولسا كېرەك، بەزى تەتقىقاتچىلار مۇتەپەككۇر شائىر بىدىل مىسرالىرىنى پۈتكۈل قەدىمكى تاجىك يازما ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان خۇلاسىسىدۇر، دەپ يەكۈن چىقارغان.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بىدىل نوقۇل شېئىر يازغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە شېئىر تېخنىكىسى، شېئىر ئەندىزە ـ شەكىللىرى ۋە ئوبراز سىستېمىسى ساھەسىدە ئاجايىپ ئىزدەنگەن ۋە بۇ يولدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەھلىنى ھەيران قالدۇرغىدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن شېئىرىيەت ئالىمى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن نەزەرىيۋى ۋە پەلسەپىۋى پىكىرلەر، يارىتىلغان ئوبرازلار ئۆزىنىڭ يېڭىلىقى، ئۆزگىچىلىكى ۋە سىرلىقلىقى بىلەن ئۆز دەۋرى شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ يېڭى سەۋىيىسىنى ياراتقان.

ئىشەنچلىك ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، پەقەت «كۇللىياتى بىدىل» نىڭ ئۆزىدىكى شېئىرلارلا 130 مىڭ مىسرادىن ئاشىدىكەن. بەزى تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، بىدىل رۇبائىيلىرىلا 3860 دىن ئارتۇق ئىكەن. ئۇنىڭ يەنە بىرقەدەر مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن «چاھار ئاناسىر»، «ئىرفان»، «نۇرى مەرىپەت»، «دىۋان»، «ئىشارات ۋە ھېكايەت»، «مۇھىتى ئەزەم»، «قەسىدىلەر»، «تەمسىلات»، «سۇمەئى ئېتىبار»، «رۇبائىيات»، «تەرجىئات»، «ھېكمەت» قاتارلىقلار بار. شائىر ئىجادىيىتىنىڭ تېماتىكىسى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، بەزى ئەسەرلىرىدە ئۇلۇغلىرىمىز ھەققىدىكى مەزمۇنلار ئورۇن ئالغان بولسا، بەزى ئەسەرلىرىدە تەبىئەت، كائىنات ۋە جەمئىيەت مەسىلىلىرى كەڭ بايان قىلىنغان. يەنە بەزى ئەسەرلەردە، مەسىلەن، «چاھار ئاناسىر»دا، قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئوت، تۇپا، ھاۋا ۋە سۇدىن ئىبارەت تۆت زات توغرىسىدىكى قارىشىنى سىستېمىلىق شەرھلەپ ۋە بۇ ھەقتىكى بۈيۈك مۇتەپەككۇرلاردىن ئىبن سىنا، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى ۋە ناسىر خىسراۋنىڭ كۆزقاراشلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان پەلسەپىۋى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ھازىرقى زامان تاجىك تارىخشۇناسى ئاكادېمىك باباجان غاپۇروۋنىڭ كۆرسىتىشىچە، «بىدىل ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە يېڭىلىققا ئىنتىلىش ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن»، «بىدىل ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنىڭ بەزىلىرىنى ئاشكارا بايان قىلغان بولسا، يەنە بەزىلىرىنى مەجازى ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن»، «بىدىل ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئالاھىدە ئۇسلۇبتا يېزىپ چىققان، بىدىلنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇسلۇبى بولغان بىدىلىزم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاجىك ۋە ئۆزبېكلەر ئارىسىدا ئەڭ كۆپ ھىمايىگە ئېرىشكەن.»[1]

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى، بىدىلنىڭ بىرمۇنچە داستانلىرى ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، شەرقنىڭ ئەنئەنىۋى داستانچىلىقىدىكى مەزمۇن ۋە قۇرۇلمىسى بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، بىر - بىرىنى دوراپ يازىدىغان ۋە تراگېدىيىنى خاتىمە قىلىدىغان رامكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، مەزمۇن ۋە قۇرۇلمىسى يېڭى بولغان، داستانلارنىڭ خاتىمىسى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ مەقسەت - مۇرادلىرىغا يېتىشتىن ئىبارەت نەتىجە بىلەن ئاخىرلىشىدىغان كومېدىيىلىك سۆيگۈ داستانلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. شۇڭا بىدىل داستانلىرى ئوقۇغۇچىغا ئۈمىد ۋە ئىلھام بېغىشلايدۇ. ئۇنىڭ مۇھەببەت ئۆلۈمنى يېڭىدۇ، دېگەن ئىدىيىسى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. نىكاھ ئەركىنلىكى بولمىغان بىدىل زامانىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئىدىيە تولىمۇ قىممەتلىك، ئەلۋەتتە.

مىرزا ئابدۇقادىر بىدىلنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى تاجىك مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى پەخىرلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شائىر بىدىل تاجىك

[1] باباجان غاپۇروۋ: «ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىك تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1985 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 385 - بەت.

ئەدەبىياتى تارىخىدا «بىدىلىزىم ئېقىمى» نى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرمۇ، ۋارىسلىق قىلغۇچىلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان. باباخان غاپۇرۇف ئۆزىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىك تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە شائىر بىدىلنىڭ تاجىك مەدەنىيىتى تارىخىدىكى ئورنىغا باھا بېرىپ، ئۇنى «قەدىمكى تاجىك يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەشھۇر ۋەكىللىرىنىڭ بىرىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەندى.

بىدىل ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدىمۇ ناھايىتى زور شۆھرەتكە ئىگە. شائىرنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى خەلقىمىز ئىچىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. بىدىلنىڭ نۇرغۇن شېئىر - رۇبائىيلىرى ۋە ھېكمەتلىرى تاجىك ئەل ئەدەبىياتى بىلەن پەرق ئەتكۈسىز دەرىجىدە ئارىلىشىپ كەتكەن.

شائىر بىدىل جەنۇبىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، قىسقىسى، شەرق مۇسۇلمان مىللەتلىرى ئارىسىدا يۇكسەك ئابرۇيغا ۋە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، مىرزا ئابدۇقادىر بىدىلنى مىللەت، دۆلەت (رايون)، دىن ۋە مەزھەپ چېگراسىدىن ھالقىغان ئىنسانىيەت شائىرى دېيىشكە بولىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ «ئوبۇلمەئانى» (مەنىلەر ئاتىسى) نامىغا مۇناسىپ.

بىدىل شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئارىسىدىمۇ كەڭ تەسىرگە ئىگە. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مەدرىسىلىرىدە بىدىل ئەسەرلىرى مۇھىم ئەدەبىي ئوقۇشلۇق سۈپىتىدە قوللىنىلغان. شائىرنىڭ نامى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئارىسىدا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تەڭ مەڭگۈ يادلىنىشى ئۈچۈن بىز ئۇنىڭ ئۆزبېكچە نەشر قىلىنغان «بىدىل رۇبائىيلىرىدىن» ناملىق كىتابىتىكى رۇبائىيلاردىن 433 پارچىسىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە سۇندۇق.

---

[1] باباخان غاپۇرۇف: «ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىك تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1985 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 385 - بەت.

# مىرزا ئابدۇقادىر بىدىل رۇبائىيلىرى

ئەي ئەت كەلسە ياخشىيۇيامان،
ئاداۋەتتىن قاچىپ، راھەت قىل، ئىنسان!
كىبرۇ ھەسەد بەرمەس كىشىگە ئارام،
ئادەمنى مەنسىتمىگەچ قوغلاندى شەيتان .

*                    *

ياخشىلىق ـ يامانلىق بىھىساب بۇندا،
قىلمىشىڭ ھالىدىن ئاگاھ بول بۇندا.
قولۇڭنى ئالۇر ئۇ، قولىنى ئالدىڭ،
بارچىنىڭ پايدىسى قولمۇ قول بۇندا .

*                    *

يۈز شۈكرى تىلمىدى ھەل سىينىمىزنى،
ئاشكار ئەتمەي شۈبھە ـ دىل گىنىمىزنى.
بارلىقتىن ئۈيىلىپ سۇ بولماغىچە،
نامايان ئەتمىدى ئايىنە بىزنى.

*                    *

چاچ ئاقارغاچ قويدۇم دىلىم غەش ـ غىشىن،
يەرگە ئاتتىم ھاۋا ـ ھەۋەس تەشۋىشىن.
شام روناق تاپمىغاي ئۆتكۈنىدە تاڭ،
پىلىك تارتار بۇندا ئۇنىڭ ھەر ئۇچىن.

*　　　　*

ئۆز شۇئۇرىڭدىن[1] بول بىگانە، بىدىل،
جاھالەت سۆزىن چال، دىۋانە بىدىل.
دۇد ئىلە غۇباردۇر بۇ دۇنيا بارى،
كۆز يۇم، ئىگىسىز قالسۇن بۇ خانە، بىدىل.

*　　　　*

مەنسەپ ھەشەم ئەمەس، ئازابتۇر بۇندا،
ئىيت، نىمە ساپلىقتا ھىساپتۇر بۇندا.
ئات ـ ئىشەك ئاستىنى تازىلىسىمۇ،
مەنسەپتىن فەرراشلىق[2]ساۋابتۇر بۇندا .

*　　　　*

كۆرگەندە ئۆزىنى ئەينەك، بىغۇبار،
شادلىقتىن مىڭ رەڭدە بولۇر جىلۋىدار.
ئىنسان مىجەزىدە گۇل ئاچتى بىلىم،
گۇللىسۇن دەپ ئۇنىڭ باغرىدا باھار .

*　　　　*

ھەۋەس ئەتمەك كۆپ مەھال بۇندا،
ئەركىنلىك پەقەت بىر ئىھتىمال بۇندا.
نىمىگە باقمايىن دىل بولۇر ئەسىر،
كۆڭۇل ئۇزمەك بولسا، بوش خىيال بۇندا .

*　　　　*

سۆزلىرىڭدە بولسا يۇمشاقلىق بوياق،
ياۋمۇ قىلار دوستلۇق ئەينىگىن پارلاق.

---

[1] شۇئۇر ـــ ئىدراك، ئاڭ.
[2] فەرراش ـــ تازىلىق خادىمى.



www.uyghurkitap.com

قوپال گەپتىن پىتنە قوپقان چېغىدا،
گەردەن تومۇرۇڭدۇر بۇ جەڭدە تاياق.

*           *

بۇ ئەقىلسىزلەركى، مەستۇ بىئىمان،
سەزگۈسىز، قاتتىق جان، قورام تاشسىمان.
چىغاناق[1] قۇرۇتلۇق ۋە مەنمەنلىكتىن،
نە مېغىز، نە پوست بار، قۇرۇق ئۇستىخان.

*           *

بىدىل، ئۆزنى قانچە سىناپ كۆرمىدىم،
لېك كامال دەۋاسى دېمىن ئۇرمىدىم.
يۈز شۈكرىكى ئەدەپ ئىقبالى كۈلۈپ،
ھېچكىمدىن ئارتۇقمەن دەپمۇ يۈرمىدىم .

*           *

بىدىل، ھەممە ۋاقىت ھەم ئىزتىراب بۇندا،
تىنچلىق ـ خىيالۇ چۈش سەراب بۇندا.
ھەرىكەتسىز بولماس ھەتتا چاڭ پەيدا،
يىلتىز سۇدا، تۇپراق بىر نىقاب بۇندا .

*           *

ئەي ئەقىل پەملىگىن دۇنيا سىرىنى،
ئاياۋسىز بەرباد قىل زاھىد مىكرىنى.
ئالەم ساقال ـ سەللە مەسخىرىۋازلىقىدۇر،
بۇ خىجالەتتىن قۇتۇل، ئۇزگىن كۆڭلۈڭنى .

*           *

بۇ بىر دېڭىز، ئىشى بىزلەرنى بوغماق،
تىغۇ شەمشىرىڭگە ئىشەنمە ھەر ۋاق.

---

[1] چىغاناق ـــ بىر خىل ئۇمۇرتقىسىز قۇرت.

ھەر دولقۇن ئىنتىقام كامانى بۇندا،
ئۇندىكى ھەر بىلىق ئوق تولغان ساداق

*                    *

زۇھۇر ئەينىكى جۇلا تاپقاندىن بىرى پەقەت،
ھەر مەخلۇق بىر ـ بىرىگە ئىنتىلەر، بولار ئۇلپەت.
ھىچكىم نەزەر تاشلىماس ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا،
بۇلبۇل بولدى گۇلدىن مەست، گۇلگە ھاۋالاش ئادەت .

*                    *

تۆۋەن تەبىئىتىڭدىن چىق، ئەي بىدار دىل،
لافنىڭ بىزەك پەردەسىن ئەيلىمە مەنزىل.
مەخمەل تۆشەك نە ھاجەت كەلمىسە ئۇيقۇ،
تۇن ماتاسىن توقۇغۇچى كارگاھنى تەرك قىل .

*                    *

كىم بايلىق پىكرىگە ئەسىرۇ بىتاب،
تامچە مەي ھىممىدىن خوپ مەستۇ خاراب.
بىدىل، مال جەملىمەك جاپاسىن چەكمە،
دۇر تېرىلگەن بىلەن يىپ بولماس سەراب .

*                    *

ھەر نەرسىدە ئاڭلا ئاساسۇ نىسبەت،
سوڭرە فەھىم ئەت نەدۇر مەئنەيۇ سۈرەت.
ئادەم ئۆكۈز ئىمىش، بىلىقتا مىنگەن،
بىلىق ھاۋادىمىش ... قىنى ھەقىقەت؟ !

*                    *

بۇ خارابىزاردا ئىستىسەڭ راھەت،
دوستقا قوشۇلۇپ تاپ دىلغا ھالاۋەت.

تاكى بىر ـ بىرىدىن كىرپىكلەر جۇدا،
ئۇيقۇسىز كۆزلەردە ئىزتىراپ، زەخمەت .
* *
بەش كۈنلۈك ئۆمرۈڭ بۇ تىنچسىز ئالەمدىن ـــ
تىنچ ئۆتەرسەن ئۆزۈڭ قىلغان مەلھەمدىن.
مەزھەب ۋە مىللەتتىن ئىزدىگىن ئەدەپ،
ياخشى خۇلق ئىزدىگىن ھەر ئىلمۇ پەندىن.
* *
كىرپىكتىن قان تۆكۈپ، لالىزار تاپتىڭ،
بۇلۇتتەك ياش تۆكۈپ، چىن باھار تاپتىڭ.
دەردىسىز كۆڭۈل ئاچماق مۇشكۈلدۇر، مۇشكۈل،
ئاياغ يارىسىدا تىكەن ـ خار تاپتىڭ .
* *
بۇ نادان مېڭىلەر شادلىق سازىنى ـــ
چۈشەنمەي، كۆرسىتەر شاھانە نازىنى.
نەپرەت ناغرىسى پاك قىلمىغۇچە،
ئاڭلىشى مۇشكۈلدۇر ياخشى ئاۋازنى .
* *
قېرىلىقتا خالىي بىر خىلۋەت تاپ دىلغا، بىدىل،
دەريا ئەمدى لايلىدى، قېنى چىق تېپىپ ساھىل.
مانا ئاپئاق ساچلاردا كېپەندىن ئالامەت بار،
ئويلا كۆزۈڭ يۇمماستىن ئۆز مەنزىلىڭنى تاپقىل.
* *
ئالەم ـ خەراب زىمىستان، بۇ زۇلمەتتە ھەر ئادەم،
غۇرۇرى شۆلىسىدە كۆيىدۇ مىسالى شام.

www.uyghurkitap.com

بەش كۆندىن سوڭ تەلەتى سەفا نۇرىن ساچىلماس،
تۆندىكى يالتىراق قۇرت بۇنداقلارنىڭ بارى ھەم.

*　　　　*

ئەي، ئىنسان دىل كەبابى تەفتىگە ياپغۇچى نان،
سۇ قىلماسمۇ بۇ زۇلمىڭ خىجالىتى شۇل زامان.
بىر يالاڭ ھەسەل سىنىڭ ئاغزىڭغا تەگكۈنچە،
يۈزلەپ خانەلەر ۋەيران، ھالاكەتتە مىڭلاپ جان .

*　　　　*

گاھ سۇ غىمىدىن، گاھ بىر دانەدىن دە،
گاھىدا ئەيش ئىلە تارانەدىن دە.
ئۆلگۈنچە شۇ گەپتىن قۇتۇلالمايسەن،
ئۇيقۇ ئالغىچە شۇ ئەپسانىدىن دە .

*　　　　*

ئەي خوجا، ھەشىمىڭ زاۋالى يېقىن،
شولاڭ ئەسىرىنىڭ پايمالى يېقىن.
نەگىچە يېتەتتى شامدەك يورۇقۇڭ،
يالتىراق قۇرتسەن، تاڭ جامالى يېقىن .

*　　　　*

يەر تىنىماي تارقىتار غۇبارى ئىبرەت،
ئۆمۈر ھېكايىسى كۈلپەتتۇر، كۈلپەت.
ئارام تەلەپ ئەتمەك بۇندا بىھۇدە،
كېيىكلەر ئارتىدا قويۇق چاڭ دەھشەت .

*　　　　*

دىلىڭ ئەينىكى بار، باقمايىن ئۆتتى،
كۆز ئۆڭىدە باھار باقمايىن ئۆتتى.

بۇ چۈشىنىپ بولماس دەشت غۇبارىدىن،
كۆپلەر ئۆزلىرىنى ھەم كۆرمەيىن كەتتى .
* *
ھەر كۆڭۈلدە باردۇر ئۆمۈر تالىشى،
كۆڭۈلدىن ئىشارەت تامچە كۆز يېشى.
كۆكلەمدە يىلتىزسىز ئۆسمەس بىر دانە،
بىل، يارىنىڭمۇ بار يىلتىزى ـ بېشى .
* *
بارچە ئىستىكىڭنى بەرسە گەر تەقۋا،
قۇرۇق تەك بەرگىدىن قايناردى سەھبا.
بوش خىيالدىن ئۆتسە كىشى تۇرمۇشى،
قارغا تۇخۇمىدىن چىقاردى ئەنقا .
* *
شام كەلگەچ، ئاسمانغا چىقتى نۇر ـ شولام،
دىلىم قان بولدىيۇ كۆزدىن ئاقتى نەم.
ئەتە قانداق ئۈمىد بىلەن ياشايمىز،
بۈگۈن ئۆتتى بىزگە بولغان ۋەدە ھەم .
* *
مەست ـ ئەلەسلىكىمىز ئاساسى كەرەم،
ئىگىز ـ پەسلىكىمىز ئاساسى كەرەم،
بارلىق ئۆزگىرىشى دەرلەر ئۆلۈمنى،
يوقالماسلىقىمىز ئاساسى كەرەم .
* *
ھاياتنى جان قىينىقى، قان يۇتماق دەپ بىل،
ھايات ـ مامات ئەيشىدىن قۇتۇلماق مۈشكۈل.

خەلق ئىچرە ياشاپ ئۈندىن ئاجرالماي خاتا،
ئادەمزات تىرىكىدە سۆھبەتكە قابىل .

*　　　　*

ھىممەت ئەھلى مىجەز بىدىلدىمۇ بار،
سېخىيلىق ھەر رەڭدە بولۇر جىلۋىدار.
نادانغا نەسىھەت، موھتاجغا تەڭگە،
چوڭ - كىچىك ھەممىگە خىزمىتى بىسيار .

بىدىل، تۈن قۇرتىدەك بىلمەسمەن تىنىم،
ئەمما ھېچ تەرەپكە ئىچىلماس يولۇم.
كەبە تاۋىپىدىن كىشىلەر خۇرسەند،
بۇ سايىدىن ئاگاھ ئەمەستۇر ھېچكىم .

*　　　　*

ئەي شەيخ، ئىنساب بەرسە ۋىجدانغا پەرداز،
نېچۈن كۆزۈڭ تويماس، قانائىتىڭ ئاز.
ھېچكىم سەندىن قالماس بۇ ئەنجۈمەندە،
كۆزۈڭ مال - دۇنيادا، ئولتۇرۇشۇڭ ساز .

*　　　　*

ئىنسان دەپتىرىدىن ۋاراق بۇ جاھان،
ئادەم كاۋابىنىڭ تۈتۈنى ئاسمان.
ئىككى جاھان ئۈنگەن ئۇرۇقنى بىلسەك،
كىشى خىيالىدىن يېتىشكەن بىر دان .

*　　　　*

كەتتۇق، بىزدىن قالدى غەملىك ئىز باقىي،
قالدى پىلدىرلىماق، ئۇ ھەرگىز باقىي.

تېنىمىز تۇپراقتا يوقالغاندىمۇ،
قاتتىق جاندىن قەبرە تېشىمىز باقىي .
*　　　　　*
ئەشيا ـ نەزەرىمىز ئالغۇچى كۆزگۈ،
ئەسما زىكرى ھېكمەت تىڭلاماقتۇر بۇ.
بارچىسى ئىنساندىن قاچۇرار ئۇزاق،
ئەسلىي ئىنسان بولماق ئۆزنى بىلمەكقۇ .
*　　　　　*
كىشى تەبىئىتى پاش ئەتسە ئىدراك،
پەقەت ياخشىلىقتا ئېتەر ئىشتىراك.
ئىلىمدىن بىبەھرە قالىدۇ تەبئى،
بەت پەيلىدىن كېچىپ بولالمىسا پاك .
*　　　　　*
بىدىل، قاي مىجەزدە بولمىسا ۋاپا،
ۋىسال تاپقاندىمۇ تاپالماس ھايا.
قەيەردە مەنزۇردۇر دوستلۇق ھوقۇقى،
جان پىدا قىل، ئۆزگە چارە يوق ئەسلا .
*　　　　　*
دىلىغا ھەسەت تولغان ئىچى قارىلار،
دائىم تۆھمەت بىلەن پاكنى قارىلار.
تورۇسقا ئېسىپ كۆر ئاپئاق پاختىنى،
شامداندىن چىققان ئىس شۇنى قارىلار .
*　　　　　*
بىدىل، يەتمەكتىدۇر سوڭىغا زەپەر،
پەرۋازغا بىماجال ئەمدى بالۇ پەر.

قەدىمىم ھېسابلاپ بارار كۆز يېشىم،
ھەر تامچىدىن شامغا تاڭ يېقىنلىشەر.

*　　　　*

پاراكەندىلىكتۇر دۇنياغا ئەسباب،
ئارامغا ھەمساۋاق بولمىشتۇر سىماب.
شۇ دەريا مەۋجىدىن پەرىشاندۇرمىز،
بۇندا خاتىرجەملىك ــــ گەۋھەرى نايان .

*　　　　*

مەشھۇرلۇقۇڭ نەدۇر؟ مەستلىك كۆلپىتى،
ۋەيرانلىق نە؟ بەلەند ـ پەسلىك ئىللىتى.
دىلىڭنى كۆيدۇرگەن ناياب ئارزۇلار،
ئەقىل بىلەن باقساڭ، ھايات رىغبىتى .

*　　　　*

«سەن، مەندىن تاشقىرى، دېسە، ھەقىقەت»
بۇ سۆزگە ئىشەنمە، بەرى جاھالەت.
خاھ يەردە قانات قاق، خاھ ئاسماندا ئۇچ،
ئەنقانى تاپۇرسەن ھېكمەتتە پەقەت .

*　　　　*

بۇ دۇنيادا كۆپتىن جاھالەت،
كىم ئەقلۇ ئىلىم دېسە، چېكەر نادامەت.
ھەر تامەندا پەقەت ئېيىقلار رەقسى،
ئۇستىرا بەر، ئالەم موي باسقان غايەت .

*　　　　*

بۇ دۇنيادا ھەر دەم يېڭىلىق ھەۋەس،
ئەسكىرەپ چىقىدۇ ھەر يېڭى نەپەس.

شۇ سۆھبەتتىن قىزىق دۇنيا بازارى،
ئەقىل قۇلىقىن تۇت، ئالەم گەپتۇر، بەس .
*　　　　*
ئىشرەت تۇزىقىدۇر شىشە كاساپەت،
قۇلى — قۇلى يەتكۈزەر پەيغامى[1] ئىشرەت.
مەخمۇرلۇق يۇلتۇزى ھەربىر تامچىسى،
ھەر مەۋجى پىيالە ماڭلايىدە خەت .
*　　　　*
كۆيۈك دىل تۇگۈنى ئىشقىمغا تۇمار،
ئوراپ دېدىم: «بۇنى يارغا ئېلىپ بار».
شەۋقىدىن غۇنچىدەك ئېچىلىپ كەتتى،
شادلىقتىن قىنىغا سىغمىدى تەكرار .
*　　　　*
دولقۇنمىز مەنۇ سەن ھايات بەھرىدە،
ھەۋەس قايناپ ياتار ئۇنىڭ نەھرىدە.
كۆپۈكتەك پىكىر ئەتسەك، سۇ ۋە ھاۋادىن—
ئۆزگە نە دان بار، نە سامان قەھرىدە .
*　　　　*
ئەقىلسىز بولىدۇ دەردى يوق ئادەم،
ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىن ئۆزگە تەسىر كەم.
ئىبرەت ئال چاچ بىلەن تىرناققا قاراپ،
قان يوق جايدا يوقتۇر ھېس ھەم، تۇيغۇ ھەم .

[1] پەيغام — خەۋەر، دېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

* *

قاي دىلغا چۈشمىسە ئىشقتىن شولا،
ئۆمرى كۆيۈپ ئۆتەر، چېكەر كۆپ جەبرۇ جاپا.
كوزىدىن ئىبرەت ئال، سۈغا چىدالماس،
ئاۋۋال كۆيدۈرمىسە ئۇنى تا ئوتتا.

* *

ئۇزلۇكسىز شادلىقمۇ كەلتۈرىدۇ غەم،
زىيادە بەزمىمۇ مىسالى ماتەم.
ھەر نەرسە چېكىدىن ئاشمىسا ياخشى،
باشتىن ئاشسا ئوتتىن يامانراق سۇ ھەم .

* *

تا چەرخ بىساتىدا سابىتۇ سەييار،
سۆخەن مەركىزىدە خامۇشلۇق دەركار.
ئۇرۇقسىز ھېچنەرسە يىلتىز ئاتمايدۇ،
يەنە نۇقتەسىز سەير ئەتمەيدۇ پەرگار .

* *

زېرۇ زەربەر قىلماق، پەلەك نامەسى،
بوي بېرىلەر ئاخىر ئەر خەزانەسى.
جىسمىڭ زىنىنتىگە بولما كۆپ بەندە،
ئۇنى ئېچىپ ئات، ئول غەپلەت جامەسى .

* *

ئۇ دۇنيا دېگىنىڭ ئۇ دۇنيا ئەمەس،
ھەق جامالى ئۇندا ھۆۋەيدا ئەمەس.
جەننەت تەرىپىدىن چىقار خۇلاسە،
قايدا زەرۇ گەۋھەر ــــ بۇ دۇنيادۇر، بەس .

*    *

بىر ئالەمدۇر كۆيمم سېھرۇ ئاھاڭى،
تامامى ئاچىلۇر يېڭى ۋە يېڭى.
كالامىم سەيرىدە غەفلەتدە قالما،
باھارمەن، يېڭى ھەر پەسلىم رېڭى.

*    *

كىمكى پەس - بەلەندكە قارىغاي ھوشيار،
ئىبلىس مەلئۇنلىغىن چۇشىنەر بىسيار.
كىم قىبلە بىلمىسە ھەزرەت ئىنسانىنى،
ئاشۇ لەنەتلىنىپ بولۇر شەرمىسار.

*    *

سەن رەت ئەتكەن كىچىك بۆلەك بىلەن ھەم،
ھېسابلاشماي بولماس بىرىكسە باھەم.
بىر تۇتام يوڭنى سەل چاغلايدۇ كىشى،
بىرلەشسە تەڭلىمات ۋە ياكى گىلەم.

*    *

پەريادكى، ھېچكىم يوق بىز بىلەن بۈگۈن،
شادلىقتىن تېپىلماس ھەتتا بىر ئۇچقۇن.
دائىما بىرلىكتە تۇرغان دوستلىرىم،
كەلمەسكە سەپەر قىپ كېتىشتى پۈتۈن.

*    *

ھاياتتىن ئالمىسا ئىبرەت ئۇ كۆز كور،
ھەسەلدە بولمىسا شېرىنلىك ئۇ شور.
ئۆزگىرىپ تۇرمىغان لىباس كېپەندۇر،
ئۆزگىرىش بىلمىگەن خانە ـــ قارا گور.

*　　　　*

ئۆز بىشىمچىلىقتىن خۇررەم بۇ دۇنيا،
ئەركىسىز ئايلانماقتا بولمىش مۇپتىلا.
ئىيسا يا مەھدىينىڭ قايتىپ كەلمىكى،
تەجرىبىدىن ئۇزاق، قۇرۇق بىر دەۋا.

*　　　　*

بىدىل، قۇرۇق ۋاق - ۋاق بىزگە شان ئەمەس،
ئەمىر، سۇلتان مەدھى بىزگە جان ئەمەس.
سۆزلىرىم تىڭلاپ كۆر، ئەڭ ياخشى ئانىم[①].
دوستلار خىزمەتىدىن ئۆزگە ئان ئەمەس.

*　　　　*

ھىممەتكە پەقەتلا ئەمەس پۇل ئۆلچەم،
پۇل چاچماق ھەر كىمدە باردۇر كۆپ يا كەم.
خەسىستىن ھېچ كىشى بەھرە ئالمىغان،
ھەسرەتتە جان بەرسە شۇ ھەم زور كەرەم.

*　　　　*

تاكى ئىشق قىسسەسى تەكرارغا قابىل،
بۇ ماتا بازارىن دائىم قىزىق بىل.
مەجنۇن دائىم چاچار باشىغا تۇپراق،
فەرھادنىڭ مېتىنى تاشتا مۇتتەسىل[②].

*　　　　*

ھايانى قولىدىن كەتكۈزسە ئادەم،
غەيرەتنىڭ بىناسى بولالماس مەھكەم.

---

① ئان ــــ ۋاقىت، پەيت، چاغ.
② مۇتتەسىل ــــ ئۈزلۈكسىز، داۋاملىق.

ساقالدىن لاپ ئۇرسا ئىشەنمە ئاڭا،
نومۇسى كەتكەندە قالماس مەردلىك ھەم .
*                    *
بىدىل، بىفەھملىك ئۆسمىش نەقەدەر،
ئەخمەقلىق پالاسى يېيىلمىش مەگەر.
ئاشنا ـ بىگانەلەر پۈتۈن بىر ئۆمۈر،
پەقەت «ئۆز خاھىشىنى» تەلەپ ئېتىشەر .
*                    *
بۇ بەزم تەلۋىلىك، يوق بۇندا ئىدراك،
بۇندا بىلىم سۆزى قىلماس ئىشتىراك.
«مەن» يا «بىز» دېگەنگە چۈشەنمەك بولۇپ،
قانچە قۇلاق سالسام، ئۇ بەڭۇ تەرياق .
*                    *
نادانلىق ئۇۋىنىڭ ئولجىسى ھەسرەت،
نادانلىق باھارىن يامغۇرى كۈلپەت.
چاچ يۇلۇپ دادلىماق بىلىمسىزلىكتۇر،
ئاگاھلىق كۆزگۈسى ئەمەس نادامەت .
*                    *
رۇخسارىڭ چاقمىقى نىقابقا چۈشتى،
كۆزلىرىڭ شولىسى شارابقا چۈشتى.
زۇلپۇڭ قوڭغۇرىقى يۈزۈڭ توسقاندا،
گوياكى سايىسى ئاپتاپقا چۈشتى .
*                    *
بىزلەرگە ھاياتنىڭ ھاسىلى ــــ ھەۋەس،
سۇمۇرغ كۆرۈنىدۇ ھەر پاشا ـ مەگەس[1].

---

[1] مەگەس ــــ چىۋىن.

بارىغا قانائەت قىلماي نە چارە،
پۇلسىز ھاۋا بىزگە ئاداققى نەپەس .
* *
دۇنيا ـ جىن نەيرىڭىگە تولغاندۇر جاھان،
ھەرىكەت، ھېس ـ تۇيغۇدا قىلدۇق ئىمتىھان.
قورقۇشتىن تۇغۇلغان ئالۋاستى، پەرى،
ۋەھىمىدىن تەركىب تاپقاندۇر ئىنسان .
* *
تەھقىق يولى بەكمۇ نازۇك، سىر ـ ساۋاق،
چۇشىنىش قىيىندۇر يېقىن بولغان ۋاق.
تۇپراق نە؟ بىلمىسەڭ كەچۇرۇش مۇمكىن،
خىيال شامىن تۇۋى قاراڭغۇدۇر، باق .
* *
ئۆز مەنە قىسىسىن ئاچقان ئۇ دانە،
يىلتىز يېرىپ ئۆتتى يەر ئىچرە شانە.
لېكىن تەھقىقى بىر جايغا يەتمىدى،
يېتەلىسە ھەم ئۆزدىن تاپماي نىشانە .
* *
قېرىلىق ھەر قانچە يوقلۇق بولسا ھەم،
ھاسىلى بولىدۇ ئاق موي بىر تۇتام.
ئوت يېنىپ ئۆچمەيدۇ كۇل قالدۇرماستىن،
كۆپۈكسىز بولۇرمۇ قايناپ تۇرغان غەم .
* *
ئەي، بىدىل، مەقسىتىڭ ئۇۋلىماق كۆڭۇل،
ئەمما دىل ئارامى بولمايدۇ ھاسىل.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كۆزگۈ تىمسالىغا چۈشكەندە يولى،
ئادەم يۈز ئۆرۈيدۇ، بۇ ئەمەس مەنزىل .
*                              *
كۆرسىتىپ ھۈنەرۇ بىلىم شەرەرىن،
كىملەر كۆز ـ كۆز قىلار ھەشەمەتلەردىن.
ئاخىر بىر يىپنىپ ئۆچكەن چوغ كەبى،
باش چۈشەر ياستۇققا توزۇتۇپ پەرىن .
*                              *
بىركەم ئىككى دۇنيا ئەھلىلە مائاش،
ۋە ھېسابكىم توغرا كەلمەي، كۆزدە ياش.
بۇگۈن شۇنداق، ئەرتە بولسا ئىمكانىم،
«بىدىل!» دەپ، تۇپراقتىن كۆتۈرگەيمەن باش .
*                              *
ئەي ئىنسان، قولۇڭدا ھەۋەس تولغان جام،
ۋەسۋەسىدىن تىنماس، دىل بىسەرەنجام.
سەن شۇ ئۆزۈڭسەن بۆشۈكۈڭدىمۇ ھەم،
تەۋرىتىپ تۇرمىسا، تاپمايتتىڭ ئارام .
*                              *
بوش كاللا ئۆزىگە قويىدۇ بىنا،
يۈز خىل پۈچ خىياللار ئاڭا جا ـ بەجا.
دەردسىز دىل ھەۋەستىن تاپالماس چارە،
شىشە بوشاپ قالسا بادەسى ھەۋا .
*                              *
بايلىقىن ئارتتۇرماق بولۇپ ئاھۇ ۋاھ
قىلغان باي بىلسىدى تىنچلىق يولىن، ئاھ .

شام شادلىقى بېشىدا قالپاقدىندۇر،
بىلمەسكى جېنىنىڭ ياۋى شۇ كۈلاھ .

*　　　　*

پايانسىز بىلىمكى سەندە مۇجەسسەم،
ئەنقادىن بۇيۇكراق ئاددىي پاشا ھەم.
جاھان تەركىباتى بىرلىككە ئىگە،
بۇ بىرلىك شۇبھىسىز، نەفەسىڭدە جەم .

*　　　　*

خەلقتە ھەربكەتتىن ئۆزگە نەرسە بارمۇ؟ يوق،
دۇنيادىن قول يۇسا، پايدا ئاڭا يارمۇ؟ يوق.
خىيال ئەينىكىنىڭ يۈز مىڭ جىلۋىسى باردۇر،
ئۇلاردىن بىرەرسى ئاڭا ۋاپادارمۇ؟ يوق .

*　　　　*

بىدىل، ئىشارىتىڭ كۆپ تامانى بار،
ئۇندا شۇنچە كۆپتۇر ئىشكۇ، دىۋار.
خاھ، «ئۇ» دېگىن، خاھ «سەن» ياكى « بىز»،
ھەق مەناسىن ئاچار ئىبارەڭ بىسيار .

*　　　　*

سەندىن يۈز ئۆرۈمەك، قايدىدۇر، جانان،
سەندىن كۆز ئۈزمەكلىك قايدا بىرەر ئان.
«مېنى ياد ئەتمەيسەن» دېدىڭمۇ؟ ھەيهات،
ھاياتىم سەن بىلەن، ئۇنۇتاي قاچان؟

*　　　　*

بايلىق ئارتتۇرماققا خىرس قىلۇر غوۋغا،
ئۆز كۆچ ـ قۇۋۋىتىگە ئىگە ھەر سىيما.

شەيخ بولۇر سەلتەنەت كۈچى بولمىسا،
كۈچ يەتمىگەن جايدا زالىملىق پەيدا .
*                    *
نېمىگە ئېھتىياج تەبىئەدە بار ئىكەن،
گۈل ئاچسە، ھەمراھى بولىدۇ تىكەن.
نان يېمەك قورالى بولغان چىشلىرىڭ،
چۈشەر ئاسان، چىقار قىيىنلىق بىلەن .
*                    *
ئىلىم كۆز ـ كۆز قىلماسلىق كامالى ئۆزگە،
لەۋ ئاچماي سۆزلىمەك ماقالى ئۆزگە.
ياسانچۇقلۇق، كىبرۇ ناز ئالىمىدە،
ئايىنە تۇتماسلىق جەمالى ئۆزگە .
*                    *
بىدىل، ھەربىر ئوچۇق كۆزگە موي يولداش،
تۇپتۇز پېشانىدە باردۇر ئەگرى قاش.
تولۇن ئايغا باقساڭ ھىلالغا مايىل،
تېزى يوق ئەمەستۇر سەن كۆرگەن ھەر باش .
*                    *
بۇ كۈندە ئەزىزلەر دۆلەت كانىدىن،
ساراي قۇرار، مەغرۇر دۆلەت شانىدىن.
كۆزۈڭ ئېچىپ باقساڭ پېشانىسىگە،
قورۇقلىرى تىمسال بەخت نارۋانىدىن .
*                    *
ھەر يىلتىز ئارتىدا شان چىمەنزاردۇر،
ھەر قاناتقا يۈكسەك ئۇچماقلىق ياردۇر.

ۋەھمىدىن يېڭى ئاي مىسالى ئازما،
ئىشىكلەر كىلىتى يانچۇقتا باردۇر .

*                    *

تاكى سوراقلايسەن، ئول يار قېنى دەپ،
يۈزلىرى نىقابلىق دىلدار قېنى دەپ.
كىرپىكلەر توسۇماس كۆزۈڭ ئۆڭنى،
ئاپتاپ خانىسىدە دىۋار قېنى دەپ .

*                    *

بىدىل، ئەزىز بولسا خاتىرجەملىك دەم،
ئۆزگىگە يامانلىق ئۆزۈڭگە ستەم.
خارلانغان دىل كۆردۈڭ، ھەر يان سەير ئېتىب،
ئاياغ ئاستىڭ قاداق، ئاستا باس قەدەم .

*                    *

ياخشى - يامان دېگەن سۆزلەردىن، قاراڭ،
ئاخىر ھەقىقەتمۇ بولمىشتۇر بىرەڭ.
قۇلىقىڭ دىڭ قىلىپ ھەيرەت سىرىن تاپ،
ئەنقا خەلق ئاغزىدا پەر تۆكۈپ، گەرەڭ .

*                    *

ھېچ تەلۋىلىك كەلمىدى دىۋانىگە ماس،
ھېچ بىر ئەقىل تەدبىرى ئاقىلانىگە ماس.
كۆزلەر تۇپراقتا پاتتى ئۆمۈر غۇبارىدىن،
ھېچ كىشى كەلمىدى بۇ خانىگە ماس .

*                    *

غۇبارىم يوقلۇقتا يېقىن بولسا ھەم،
شۇنچە تاردۇر بىلىم ۋە ئەقىل، كۆچ ھەم.

چاچ ئېقىم نۇر بەردى پىلىككە، ئەمما،
خىرەدۇر يولۇمنى يورۇتقۇچى نەم .
* *
شىشە قول ـ قولىدا ئىبرەت مۇھەييا،
گۈل خەندىسىدە بار نالىدىن ئىما.
بۇ چىمەندە پەيدا ھەر تۈسۈ ھەر رەڭ،
قەدەم ئەندازىسى، ئاياغدىن سادا .
* *
مەخمەلۇ موينىلا ئىستىسەڭ، بىدىل،
قانائەت سايىسىن ئارامبەخش بىلگىل.
تۆۋەنلەر ئالدىدا تۆكمە ئابرۇيۇڭ،
ھېرس بولسا تەشنالىق، ھايانى سۇ بىل.
* *
دەۋرىم ئادەملىرىن نەفەسلىرى سەرد،
قوپاللىقتا غەيرەت كۆرسىتەر بىدەرد.
بۇ پەستلەر توپىنىڭ ئېتىقادىدىن،
بىلدىمكى تۆۋەنلىك كۆرسىتەر نامەرد .
* *
قايدا ھەقۇ ناھەق ئاجرىتىلمايدۇ،
كىشىلەر تەبئىدە ساپلىق بولمايدۇ.
بىر پەسكە پەسلىكىن ئېيتسىلا دېدى:
«ھەر كىمگە بۇ دۆلەت نېسىپ قىلمايدۇ.»
* *
ئەپسۇس، ئەيشۇئىشرەت زامانەم ئۆتتى،
بىسىپ چاڭگۇغۇربەت، غەم ـ ئەلەم ئۆتتى.

يول ـ يول ئاق چېچىمدىن روشەن بولدىكى،
يوق ئۆمرۈم يۈز يولدىن يەپ بەرھەم، ئۆتتى.

*　　　　*

قىلمىش ـ قىدىرمىشتىن كىمكى بىخەۋەر،
زەئىپلەرگە زۇلۇم قىلماس، ئەلھەزەر.
كەسكۈر بىر پالتىغا ئايلىنۇر شىشە،
بىردىن ئوتتا ئېرىپ كەتسە ئۇ مەگەر .

*　　　　*

بىدىل، دوست ـ دۈشمەننى قىلساڭ ئىمتىھان،
تەبىئىي ئاينەسىنى ئەيلە نامايان.
بىرەھىمراق بولۇر زالىم خىلۋەتتە،
يالىڭاچ تىغدۇر پوست تاشلىغان ئىلان .

*　　　　*

قېرىلىق غارەتى[1]ئايلاندى شىددەت،
تەندە تاب قالمىدى كۆڭۈلدە تاقەت.
بىزگە ھەسرەت بولدى دوستلار دىدارى،
بىزنى كۆرمەك بولسا دوستلارغا ئىبرەت .

*　　　　*

ھەر بىنا خارابى ئۆز ئابادلىقىدۇر،
دىل نائۈمىدلىكى غەمدىن ئازادلىقىدۇر.
سىنىڭ قولۇڭ ئىچرە نەقىش سالغان چوغلار،
ئۆزگە ئاي شولىسى بۇنيادلىقىدۇر .

---

[1] غارەت ــــ بۇلاڭ ـ تالاڭ.

*　　　　　*

سۆزدۇر پايانى يوق بېكەرانەسى،
سۆزدۇر مەنە دېگەن گەۋھەر خانەسى.
ئالىي نەزم مېھنەتۇ چىدام ئىستەيدۇ،
سۆزنىڭ ھەم بار بەلەند، پەست پەغانەسى .

*　　　　　*

پەقىرلىقتا پوستۇڭ يەتسە سۆڭەككە،
سىر بوي بەرمە دوستۇ دۇشمەن يۈرەككە.
ئېھتىياجىڭ بىلسۇن پەقەت شۇ كىشى،
ھاجىتىڭ چىقارغان بولسا ئول يەككە .

*　　　　　*

ئەي غاپىل زاھىد، ھېچ زىكرىڭدە يوق ھەق،
سۆزلىرىڭ، قوشىقىڭ مەنىسىز مۇتلەق.
بىمەنە زىكرىڭگە ماس چۈشسە تەسبىھ،
«ھەي ـ ھەي» دېگىنىڭ ھەم مەنىسى تەق ـ تەق .

*　　　　　*

بارلىقىمدىن ئەسەر ـ نەفەسى سەردىم،
كۆرەي دېسەڭ، كۆزگۇ دىلدىكى دەردىم.
مېنى سوراقلىساڭ يادىمغا تەشنا،
ئۆمرۈمدىن قالغىنى بىر سىقىم گەردىم .

*　　　　　*

شاھىتلىرىڭ خاكى كۆز يېشىدىن نەم،
ئىسرىقلار دۇدىدىن بۇ سادادۇر جەم:
«ئىشق دەۋاسى ئاسان ئەمەس، ئەي غاپىل.
ھونۇز كۆيمەكتىمىز ئۆلگەن بولساق ھەم.»

*                *

مەرتىۋىنىڭ بولسا جانغا ئاراسى،
ھەر تەبىئىتىڭ بار ئىبرەت زىياسى.
ھوشيار بول، ئاچ كۆزلەر تەبىئىتىدە،
باردۇر كۆز ئىلغىماس شەددات بىناسى .

*                *

بۇ دۇنيادا قانداق نەقىشكى جىلۋىگەر،
تەسەۋۋۇر گۈلزارى، بىھىشتىن نەزەر.
ئۆزىمىزدىن بارچە ياخشى ـ يامانلىق،
كۆزگۈدە كۆرگىنىڭ ئۆزۈڭدىن ئەختەر .

*                *

كىم تاپالىسا موھتاج بولماسلىق يولىن،
پۇقرايۇ شاھقا سوزمىغاي قولىن.
ھەر پۇرسەت غەنىيمەت ئىكەنىن بىلەر،
كىمكى قانائەتكە تولدۇرسا كۆڭلىن .

*                *

ھىرىس ئەھلى ۋەسۋەسىدىن تارتسا قەدەم،
ئاچ كۆزلۈك شۇ زامانلا تاپىدۇ بەرھەم.
يەنى تەمە قولىنى تارتقان زامان،
ئىلتىماستىن يۇمۇلار ئۇنىڭ لىۋى ھەم .

*                *

ئۆز ۋاپاسىدا ئالىم گۇفتارى قىزىق،
ئۆز ئىشقىدا مەجنۇن ئەشئارى قىزىق.
بۇ دەشتىنىڭ قۇملىرى توزۇپ بۇتكىچە،
لاپۇ ھەنگامەنىڭ بازارى قىزىق .

*　　　　　*

تەنها بىكەسلىكنى كۆزلىگەن ئادەم،
جەملىگەن نەرسىسى پەقەت دەردۇغەم.
بىزنىڭ خانىمىزدە سىنىڭ ئىزىڭسىز،
تۇتەپ قويار، ئەمما نۇر چاچمىغاي شەم .

*　　　　　*

بۇ باغدا ئۆسۈپتۇ مىڭ خىل گۈل، تىكەن،
مىڭ ئەپسۇسكى تېگىگە ھېچ يېتەلمەيسەن.
دىن، دۇنيا ئىشىدىن ئاگىلىغانلىرىڭ،
ياخشىلىق، يامانلىق تەرىپى ئىكەن .

*　　　　　*

قىسقارماقلىق بولغاچ ھايات ئۆسمىكى،
نە ھاجەت ناز ئىلە بىزەك بەرمىكى.
بۇ بەزمىدە شامدەك ئولتۇرسا ھەمكى،
تۇرماققا ھەسسىدۇر باشتىن ـ ئايىغى .

*　　　　　*

يەنە نىگاھىمىز مىسالى چىمەن،
يار ۋەسلى يۈز كۆكلەم ـــ نەۋرۇزچە ئىكەن.
بول كۈنى كۆلبىمىز قۇياش خانىسى،
كۆزىمىزدىن بارلىق چىرىغى روشەن .

*　　　　　*

ئىستەك قولى دائىم تەلەپتە بىباك،
ئۇنى قىسقارتماققا قىستايدۇ ئىدراك.
ھەر رەت يەڭدىن قولۇڭ چىقارغان چېغىڭ،
ھەر بىر تال بارمىقىڭ ئېتەر ياقاڭ چاك .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

*　　　　*

پېقىرلىق خانەڭدە بەرق ئۇرمىسا ھىممەت،
ھەر جايدا ھەمراھىڭ خارلىق، ھاقارەت.
شاھلارغا يېقىنلىق ئىپتىخارىڭ زور،
ئۆز يېقىنلىرىڭغا يوق ئۇندا ھۆرمەت .

*　　　　*

ئاسمان بولساڭ يەرگە ئېگىلمەك ياخشى،
تۇپراق بولساڭ كۆككە ئىنتىلمەك ياخشى.
ناتىۋان، بىچارە بولمىغىن زىنھار،
غەيرەتتە، ھىممەتتە ئۆرلىمەك ياخشى .

*　　　　*

رەمزى گۆھىرىن پەردىسىز بىدىل تەرمەس ھېچقاچان،
باھار چېچەكلىرىدەك يىغىپ، ئەتمىش ئۇ پىنھان.
رەنا گۇلىن مىڭ رەڭدە ئېچىلار بولسا ھەم،
چۇشەنگەنلەردىن بىرىن ئېيتالمىدى ھەمان .

*　　　　*

قايدا مۇرۇۋۋەتتىن سۇ ئىچسە ئادەم،
ۋاپادىن باشقىسى مېۋىسى ئەلەم.
پېقىرلىقنى بىلمە ناتىۋانلىق دەپ،
لەۋ قۇرۇپ قالسا، تىل ئاڭا بېرەر نەم .

*　　　　*

يىلتىز ئۇزسەڭ، ئۇرۇق خىيالى ۋەتەن،
يىلتىز پەيدا بولۇر يەنە ئۇرۇقدىن.
يېڭىلىنىش كونا تەسىرىدىندۇر،
يېڭى روناقىغا كونىسى زېمىن .

*           *

كېچە چىمەنىم كۈيى ئۆردى بېشىمغا،
نەرگىس كۈيى ماقۇل كەلدى قېشىمغا.
زەر دەھەن كۆپكۆك نەي نىمىلەر دەرمىش:
بىلەلمەي كېتىپمەن كەلمەي ھوشۇمغا .

*           *

مەردلەر «ئۇ يوق، بۇ يوق» دېمەسلەر ئەسلا،
ئارزۇ كۆپ غېمىدە قىلىشماس غوۋغا.
مەرد بولساڭ خالىي بول بوش پال بېقىشتىن،
پالغا ئىشىنەلمەس مەرد ئەقلى راسا .

*           *

تەبئىڭدە بولسا گەر شادلىقتىن ئەسەر،
خۇلقۇڭ ياخشىلاشقا يېڭىڭنى شىمەر.
بېزەكچىنىڭ ئۆزى تۈپتۈز بولمىسا،
قىلالماس ئاينەنى تۈپتۈز، جىلۋەگەر .

*           *

ھۆرلۈك كارخانىسى ئەسلىي بۇ دۇنيا،
بۇندا پەس ـ بەلەندنى ئاجراتماق خاتا.
بىلسەڭ ئەگەر باي كىم، گاداي كىم بۇندا،
ھېچكىمگە بىئەدەپ بولمايسەن ئەسلا .

*           *

قاي شېئىردا يىرتىلسا پەردەئى ئۇنۋان،
مەكتۇب رەمزى بولۇر يالىڭاچ، ئۇرغان.
خىيالغا نە كەلسە، يېپىق قالمىغاي،
سىر بولماس، بولمىسا دىلىڭدا نىھان .

www.uyghurkitap.com

* *

ئەي مەستلەر، قۇۋناقلىق شىمى ئۆچمىشتۇر،
قارا كېچىدە تاڭ ئەستىن كۆچمىشتۇر.
قەھۋە ئىچىپ، شادلىق سوگىدىن يىغلاڭ،
كەيپ ماتىمىدە مەي قارا كەچمىشتۇر .

* *

گاھ كەبىدە قىلدىڭ تەۋبە ـ ئىستىغپار،
گاھى بۇتخانىدا بولدۇڭ ئاتەشكار.
ھېچ نەرسىگە قويدۇڭ، ئۆزۈڭ ھەم ھېچسەن،
لەنەتلەنسۇن بۇنداق تەسبىھۇ زۇننار .

* *

ئەي ۋاپا ئەخلاقىنىڭ ئېسىل جەۋھەرى،
جەڭ ئەمەس، سۈلھ بولسۇن ئەقلىڭ سەرۋەرى.
دىلىڭدا بىراۋغا قوزغالسا نەپرەت،
رەڭگىڭ ئۆچمەي، ئۆرۈ يۈزۈڭ، كەت نەرى .

* *

خاجە ھېرسىن غەلياني دائىمي بىر ھال،
خاتىرجەملىك ئۇندىن يىراق، تىنچىماس خىيال.
كىمنىڭ ئەگەر ھېرىس ـ ھەۋەسكە كۆزى تويمايدۇ،
ئۇنىڭ گادا كاسىسىنى تولدۇرماق مەھال .

* *

بۇ ھايات گۈلخېنىنىڭ دۇدى سەنۇ بىز،
كۆيمەك، قورۇلماقتۇر ھەممە ئىشىمىز.
خاتىرجەممىز، گۇمان قىلماڭىز بۇندا،
دىلدا ئاتەش، ئەمما سوغۇق ئاھىمىز .

*          *

شاھ سارىيىدىن ئابرۇي تاپمايدۇ ئادەم،
ئۇندىكى تۆۋەنلىكلەر ھەر نەرسەدىن كەم.
ئىززەت دېسەڭ قانائەت بۇرچىدا بولغىن،
پەسلەرگە تەۋەلىككە ئەرزىمەس ئالەم .

*          *

پەستە كۆك ئېكىنزار، ئۈستىدە ئاسمان،
ھەر كۆكتە باھارى ئۆزگەدۇر ئايان.
نېمىشقا كۆزۈڭ يۇمۇق؟ — دېسەم بۇغدايغا،
—جىم، كۆزۈم ئوڭىدا، — دېدى، — كۆگۈرمان .

*          *

بۇ دەشت قاراڭغۇدۇر، بىدىل، سەربەسەر،
ھەر كىم ھەريان كەتتى، قايتمىدى دېگەر.
مەن، سەن ھەم كېتىمىز، ئۆزگىلەر كېلۇر،
كۆپلەر ئۆتتىلەرۇ، يەنە كۆپ ئۆتەر .

*          *

دوستلار ھەۋەسلە نەفەس ئالدىلار بىكار،
نە مېھنەتۇ زەخمەتكە بولدىلار دۇچار.
نە يوقلۇق بەرگىن، نە بارلىق كۆكىدىن،
تاپالماي بىكار ياشاپ، ئۆلدىلەر بىكار .

*          *

ئالما ياد شاھماتدىن، ئەي شاھ، تەختكە مىنمەڭ سەنئەتتىن،
بولما مەغرۇر سەن كۆرۈپ شاھمات سىپاھى سۆلىتىن.
كىمكى موھتاجلارغا ھىممەت بىرلە باقسا، شاھ ئېرۇر،
بۇل ئويۇندىن «شاھ» دېگەندە ئۇ ھېيىقماق ئىبرىتىن .

www.uyghurkitap.com

*　　　　*

ئەي تەختۇ بەخت خىيالىدا تۇتقان لىقمۇلىق قەدەھ،
غۇرۇردىن تولدۇرما ھېچ خۇنغا بىتىنىم قەدەھ.
بۇندا كەيپ بەرمەيدىغان مەيگە پەقەت بول تەسلىم،
يەرگە پېشانە ئۇرۇپ، كۆتەرگىل تەسلىم قەدەھ .

*　　　　*

بىزدىن نە ئىشق، نە ھەۋەس قالغۇسى،
ئاھىمىز تولغان بۇ قەپەس قالغۇسى.
پىكرىمدە ئەبەدلىك، لېك نەپەسىم دەر:
«ئۆمۈر كارۋانىدىن جەرەس[1] قالغۇسى.»

*　　　　*

زاھىد تەبىئەتى سوغۇق مىسلى يەخ،
ئۇنى ئىسسىتالماس ھەتتاكى دوزەخ.
شەكلىگە كىرمىگەن ئانا قارنىدا،
ئىسسىقتا ھەم قاتار تۇخۇمدەك، ئەبلەخ .

*　　　　*

سەبرىمىز غارەتى ئول شوخى ماھتاب،
تەنھالىقتا بىزنى ئايلاندى كاۋاب.
كۆز قارچۇقىمىز ئاياغىن نەقشى،
قەدەمى گەردىدىن كۆزىمىز ئاپتاب .

*　　　　*

بىدىل، ئىشقا كىشىلەر بولسىلا يېقىن،
سايىدەك ئاياغىڭدا بولۇر سەرنىگۇن.
سىنىڭ سۆزلىرىڭنى فەھىم ئېتەلىسىلەر،
ئۆزلىرى بولىدۇ مەنەيۇ مەزمۇن .

---

[1] جەرەس — قوڭغۇراق.

*                    *

بۇ جاھان ئىقبالى ھەشەم ئىستەيدۇ،
نە فەزلۇ، نە تەلىم، چىدام ئىستەيدۇ.
ئۆكۈز ۋە ئېشەكتىن ئالايلى ساۋاق،
ھەتتا ئۇلار مۇڭگۈز ھەدەم ئىستەيدۇ .

*                    *

كۆپلەر گىدىيىپ ئۆز ھالىدىن، ئوينار،
مەۋج ئۇرغان كۆپۈك خىيالىدىن، ئوينار.
ھاياجانسىز ئەمەس بەھار گۈلباغى،
تاۋۇس ھەم شادلىنىپ بالىدىن، ئوينار .

*                    *

بۇ ھايات مەيدانىدا بەرداشلىق ئىنسان ئۆزگە،
ھەۋەس ئېتىغا مىنىپ، قىلغۇچى جەۋلان ئۆزگە.
تەكشۈرۈپ بىل مەنىسىن، بولغىن تەقلىدتىن ئۇزاق،
ساقالىلىقلار ئۆزگەيۇ ئادەمى مەردان ئۆزگە .

*                    *

بۇ دەشتتە ئىنتىلىش كارۋانلىرى بار،
يولۇچى شىددىتىن نىشانلىرى بار.
كامالغا بىر يولى يېتىپ بولمايدۇ،
تولۇن ئاي يولىدا نارۋانلەرى بار .

*                    *

نە چاغلىق بولمىسۇن ئىنسان كامالى،
كۆكتە ئىيسا يەردە ئىلياس مىسالى.
ۋەھىم ھالقىسىدىن ھېچكىم چىقالماس،
سىرلانغان داس ئىچرە چۈمۈلە بارى .

*    *

كۆپۈكسىز، مەۋجىسىز بۇ ھايات ئۇمانى،
ھەر تەرەپتە قايناركۆڭۈل توپانى.
پەلەكنىڭ ئەۋجىدىن يەر قەھرىگىچە،
كۆيدۈرۈپ قاينايدۇ ئىنساننىڭ قانى .

*    *

مىڭ قەترە دولقۇننى يوشۇرار توپان،
بولغۇچە تاكى بىر گۆھەر نامايان.
ئادەملەر يۈرۈشەر ھەۋەس كەينىدىن،
تا ئەدەپ ئۆگىنىپ بولغۇچە ئىنسان .

*    *

تا ھۈنەر پەزلىدە بىزەنمەي ئىنسان،
بىرەر بەخت ئىشىكى ئېچىلغاي قاچان.
جەۋھەردىن پولاتقا ئايلىنار تۆمۈر،
ئىلىمسىز ئۆز جىنسىدىن چىقمىقى گۇمان .

*    *

دوستلار گەر مېنى سەندىن جۇدا كۆرۈشەر،
لېكىن ئۇ بىخەۋەرلەر خاتا كۆرۈشەر.
سايە ئۇزاق چۈشسىمۇ ئۆز ئىگىسىدىن،
ئايغىن ئاستىدا جا بەجا كۆرۈشەر .

*    *

مالۇ ھال يولۇڭغا ئىبكىلگەن تىكەن،
ئۇندىن قۇتۇلۇپ تۇر ئاسانلىق بىلەن.
ئېتەككە يېپىشىپ يىغلىپ قالسا،
تىرىپ تاشلىماقلىق كۆپ زەخمەت ئىكەن .

*                                    *

ئۆمرۈم ئالىپ كەتكەچ يوقلۇق كارۋانى،
ئامان قويدى دۇنيا جاڭجال، تالانى.
شام كەبى قىدىرسام تىنچلىق كاۋىكىن،
قەدەمىم تېغىدا ئىكەن نىشانى .

*                                    *

يولۋاس بىلە شىرنى يەڭگەن مەرد كىشى،
بويۇن ئەگكەن تۇرسا، بۇ هايا ئىشى.
تاياق ئۇرماق بولسا ئەگەردە مەردلىك،
ئۆتەردى سەۋاقچى چۆپنى ساۋىشى .

*                                    *

دوستلۇق چۈشەنچىدىن قالمىدى ئەسەر،
ۋاپادىن نىشان يوق، ساختىلىق ئەۋجەر.
تا ياخشىلىق ھەققىن قىلماي مۇقەررەر،
ئىپادىگە قاشقاق ھەر شېئىرىي ئەسەر .

*                                    *

بۇ چىمەنگە كىمنىڭ چۈشۈپتۇ يولى،
باردۇر بۇ باھاردىن ئارزۇلار مولى.
مەيۇس دىل بىلەن ھەم شادمەن يادىڭدىن،
سۇنۇق كۆزگۈنىڭ ھەم بار ئوڭى ـ سولى .

*                                    *

قىرىلىق گۈللەيدۇ مىسالى باھار،
بېزەككە بايدۇر بۇ پەسلى ئىنتىزار.
كېتىشكە تەييار بول ئاقاردى ساقال،
بۇ پاختا تېگىدە ئۇچقۇنى ھەم بار .

*　　　　*

قەبرى تاشتىن بولۇر باي بولسا نابۇت،
مازارىن قىلىشار سىيمۇ زەرگە بۇت.
پېقىرلىكتە ئۆلسە دانىش ئىگىسى،
ئاددىي بىر تاختايدىن ياسىشار تاۋۇت .

*　　　　*

كەرەم داستىخىنى يېيىلغان نەپەس،
بېخىللىق دىلىڭدىن يىراق بولسا بەس.
تەبئىڭدە بار بولسا ئىنساب جەۋھىرى،
دىمىغىڭدا بولسۇن ھەسەتمەن ھەۋەس .

*　　　　*

ھەر ئىشتا ئۆزىگە يارىشا كوشىش——
بولسا ئەنجامىغا يېتىدۇ ھەر ئىش.
غۇرۇر ھەددىن ئاشسا ھېس ـ تۇيغۇ قالماس،
تىرناق ئۆسسە قىيىن تۇگۈننى ئېچىش .

*　　　　*

بۇ دەردىسەرلەركى، غەرەزگە بابا،
ساراڭلىق جەۋھىرىن قىلىشار ئىفشا[1] .
بەتھەزىم لوقمىدەك مەرەزدۇر بۇلاق،
قاچىپ قۇتۇلمىساڭ، تاپماسسەن دەۋا.

*　　　　*

خەسىس باي ئالدىدا ئۆلۈم نەق بولدى،
زەردىن بىر تېۋىپ يانچۇقى تولدى.
تىللاسى سەرف بولۇپ كەتكىنىدىن باي،
شىپا تاپقان چاغدا قايتىدىن ئۆلدى .

---

[1] ئىفشا ــ پاش قىلىش، ئاشكارىلاش.

*                *

قايدا قىلچە زىتلىق كۆرسە گەر مەردۇم،
شۇندا بولۇر ئالەم دوستلۇق يىپى گۇم.
بىر تامچە سىركىدىن ئىچىيدۇ بارى،
ئەگەردە تازە سۈت بولسا ھەم يۈز خۇم .

*                *

بۇ دۇنيا زەخمەكتە ئەرزىمەس بىر ئىش،
ئۇ دۇنيا ـ ئاساسسىز خىيالغا يۇمۇش.
بۇ ئىككى مەنىسىز سۆز تەھرىرىگە،
سىياھ بولماسمىكىن قاراڭغۇ بىر چۈش .

*                *

قانچىلار سىماكۇ سەمەك[1] بولىدۇ،
يا ئۇ ياقتا مۈلكى مەلەك بولىدۇ.
ھەر قاچان ئۆزۈڭگە نەزەر تاشلىساڭ،
جايىڭ دائىم زىرى پەلەك بولىدۇ .

*                *

زاھىد يەرۇ سۇغا بولماقچى ھاكىم،
گاھ تاھارەت نازى، گاھى تەبەسسۇم.
سەللىسىن ئۇچىيۇ ساقالدىن ئۆزگە،
بىرەر نەرسىسى يوق، بۇ ئىشەككە دۇم .

*                *

دىدىلەر يىڭى سۆز ۋە شادلىق باھەم،
تۈن كەتسە، تاڭ ئاتسا، كەلسە سەفىد دەم.
بىزگە يىراق بۇنداق نازۇك خىياللار،
سەن كەلسەڭ، شۇ زامان بىز ئۇچۇن بەيرەم .

---

[1] سەمەك ــ بىلىق.

*			*

ھەر نېكى ئىشتتىم ــــ سېنىڭ بايانىڭ،
ھەر نېمەكى كۆردۈم ــــ سېنىڭ نىشانىڭ.
قايدا بېشىم ئۇرۇپ، قىلدىم سەجدىلەر،
كۆزۈم ئېچىپ كۆرسەم، سېنىڭ ئاستانىڭ .

*			*

ۋەسلىڭدىن قاچانغىچە ئۆزگە بولۇر شاد،
رەقىب ۋەيرانىسى سەن بىلەن ئاباد.
مۇشتاقىڭ جىگىرى «ئاھ» دىن قەغەزدەك،
يانمىسۇن، يول قويما، ئۇلغايتمىسۇن باد .

*			*

تىرىشقىن، ھېچكىمنى رەنجىتمە پىكرەن،
غەم ـ قايغۇ ئۇرۇقى بولمىسۇن خىرمەن.
ئەگەر دۇشمەنىڭنى دوست قىلالمىساڭ،
شۇنداق قىلكى، دوستۇڭ بولمىسۇن دۇشمەن .

*			*

ئىش كۆڭلۇمدىكىدەك، ئەي ۋاھ، بولمىدى،
دىل قان بولدى، بەختتىن ئاگاھ بولمىدى.
تەسبىھدىن سوزۇلۇپ ياتار ئۆمۈر يىپى،
ئاياغ قاپاردى، يول كوتا بولمىدى .

*			*

قۇل بولايىن ئول كىشىگە، بولمىسا ئۇ گەر نامەرد،
سوۋۇتمىسا ھايا، ئاۋات ئەپسانىسىن ئەيلەپ سەرد.
ئۆزى خۇناب بولغاندىمۇ يېپىشمىسا بىراۋغا،
ئۆزى گەرد ـ گەرد توزغاندىمۇ يۇقتۇرمىسا دىلغا گەرد .

*　　　　　　*

هەر يۇرەك تېپىشىن بار ئۆز ناۋاسى،
هەر باشنىڭ شۇلىدار باردۇر هاۋاسى.
نە سورايسەن نەپس ئەسىرلىرىدىن،
هەر زەنجىر هالقىسىن بار ئۆز ساداسى .

*　　　　　　*

بۇ غەمكىن نەپەسنىڭ تەبئى خوپ مەۋزۇن،
غۇنچە تولا باهار بۇ دىلى پۇرخۇن.
سۆز پەرىسىن ئاسان ئەمەس سېھىرلەش،
پەقەت كۆيگەن نەپەس كۆرسىتۇر ئەفسۇن .

*　　　　　　*

پايدا دەپ كىمىكى ۋەتەندىن كېتەر،
باشقىغا هەم كۆڭۈل قويالماي ئۆتەر.
تاشتىن گەر ئاجرىلىپ چىقسا بىر ئۇچقۇن،
قانچىلىك ماختىما بەربىر ئۆچەر .

*　　　　　　*

هېز يېنىدا مەرد هەم نامەرد بولىدۇ،
بىهىممەت، بىغەيرەت، بىدەرد بولىدۇ.
گەر ئاتەش يۇز يىلچە شولا چاچسىمۇ،
بىر دەم سۇغا پاتسا شۇئان ئۆلىدۇ .

*　　　　　　*

بۇ دوستلار ئۆزئارا قۇللۇق قىلىشار،
ئۆزئارا باش ئېگەر هەم بويسۇنۇشار.
بىر نەپەس ئايرىلسا، بىر - بىرلىرىدىن،
كېسىلگەن بوغۇندەك خۇنۇك كۇلۇشەر .

*		*

زەبت ئېتەيىن دېسەڭ سەن ئىلمۇ ھۈنەر،
ئىنساپ، كامالنى ئەت ئۆزۈڭگە رەھبەر.
بىدىلدەك پۇختا شېئىر يازايىن دېسەڭ،
پولات قەلەم بولسۇن، سىياھ بولسا زەر .

*		*

يۈز ھەيفكى، موللا ئالدىراشقا مايىل بولدى،
ئالىم بولىمەن دېدىيۇ، جاھىل بولدى.
يەنى بىلىم لافى ئارادا كۆپكەچ،
مەنىۋى ئوزۇقتا بىھاسىل بولدى .

*		*

قايداكى مەۋجۇتتۇر لۇتف ئىلە كەرەم،
ئۇ كىشى تەبئىگە ئىلىقلىقدۇر زەم.
ياخشىلىق ئىستىمەڭ سوغۇق كىشىدىن،
مۇزلىغان چېچەكنىڭ ئىسى شۇنچە كەم .

*		*

خۇررەملىكتە قاشقاش بىزنىڭ بۇ كىشۋەر،
راھەتى ھەم ماتەم بىلەن باراۋەر.
يېگى بوۋاقىقا ئىچۈرۈشەر سۈت،
ھايات ھاۋاسىدا بار ئىكەن زەھەر .

*		*

بۇ باياۋان ئىچرە ھەر تۈپ چەكەلەك[1]،
مەجنۇنغا كۆرۈنەر لەيلا ئۆيىدەك.

---

[1] چەكەلەك ــ دەرەخ، دەرەخزار.

ئىشق ئەھلى قەبرىگە زىيارەتتە بول،
بەش كۈن ئالدىن ئىدى ئاسمانۇپەلەك .
* *
سۆزۈك ئەۋجى جۇنۇنلۇقتا تاشلار كەمەند،
كۆپ قىزىشىپ، كىشىلەردىن كۈلمە ھەرچەند.
زىنھار جىم بول، سىقىم تۇپراق كۆككە ئۇچسا،
چاك بولسا ھەم چىقا ئالۇر بەكمۇ بەلەند .
* *
كۆز ياشىم كىرپىكلەر بىسەبات ئوينار،
ئاھىم قاقىپ جىگەردىن قوش قانات ئوينار.
يادىڭ بىلەن رەقس چۈشىدى دىلىم،
نامىڭ بىلەن تىلىم غەمگە يات، ئوينار .
* *
قېرىلىقتىن ھايات ئاساسى بەرھەم،
بوغۇنلار قورقۇشىدۇ، كىرپىك بولسا نەم.
قاش ئۇيىلىپ چۈشتى كۆزلەر ئۈستىگە،
ئەسكى ئۆي پەشتاقى بولغانىدەك خەم .
* *
شۇنداق بىر يوسۇن بار، داغ بار ئايدا ھەم،
ئىبرەتنى بۇ ئىشتىن ئالۇر چىن ئادەم.
ئاياغى ئاستىدا قارا سايە بار،
ھەتتا ئۇ پەلەككە بولغاندىمۇ شام .
* *
قاچانغىچە فىربى چاڭۇ نەي غېمىن يەيسەن،
ياكى نازلىق باھارۇ دەي[1] غېمىن يەيسەن.

---

[1] دەي ــ قىش غېمىن يەيسەن.

قامەت خەم بولدىيۇ، ئەيشدىن دېرەك يوق،
قەدەھ كۆمتۈرۈلگەن، مەي غېمىن يەيسەن.
* *

ھېرىس يۈكىنى قاچانغىچە كۆتۈرەر ئىنسان،
ئېھتىياجدىن فارىغ بولسا، ساپ بولسا ۋىجدان.
جەھدۇجېدەل، ھىممەت، كەرەم كەتمەستى ئىسىت،
ھېرىس چاڭنى بېسىپ ئۆتسە، سۈپۈرسە ئاسان .

* *

بۇ كۈرەش ئالەمى تەجرىبىسىدە،
ھەر نەرسىنى ئاچار ھىممەت ئەسلىدە.
بۇندا ئىنسان جەھدى قوشۇلماس ھەر ئان،
قوشۇلسا ئاسماننى كۆر يەر ئاستىدا .

* *

ھەقىقەتنى توسسا شۈبھە، ئەپسانە،
كۆڭۈلنى بەند ئېتەر بۇت ۋە بۇتخانە.
ھەقىقەتنى سەزسە ئۇلار قېچىشار،
كۈندۈزدە ھېچ كەلمەس شامغا پەرۋانە؟ !

* *

جەۋھىرى قۇدرەت بار تىل ـ زەبانىڭدا،
ھەقىقەت، ساداقەت بار بايانىڭدا.
مىڭ خاتالار مەنبەئى بولساڭ،
جەبرائىل پەرۋازى ئاشىيانىڭدا .

* *

كىم ئۇيقۇ، ئوقەتكە بولاركەن بەندە،
مەردلىكتە سۇستكەشۇ فەقىر، شەرمەندە.

نەفسىن يەڭمەك ئۈچۈن سەبات كېرەكتۇر،
قىلىچ كەسمەس دەستە بولمىسا ئاندە .

*　　　　*

تەبىئىتىڭدىن غۇرۇر كۆتۈرسە گەر باش،
ساپ كۆڭۈلگە ھەم بولغاي نادامەت يولداش.
غۇرۇر ئاپەتىدىن ساق بولماق قىيىن،
ئاۋۋال ئۆزىن كۆيدۈرەر ئەلەڭى بىباش .

*　　　　*

پىتنە قوزغىتىدۇ گىنە، ئاداۋەت،
ئاقىللاردىن چىقسا بەتتەر قاباھەت.
ئەڭ روشەن چىراغدىن كۆتۈرۈلگەن دۈت،
باشقا ھەممە دۈتتىن قارىدۇر ئەلبەت .

*　　　　*

يۈز تۈگۈن، يۈز يېشىم بولمىشتۇر باھەم،
تاكى ئۆز رەڭگىگە كىرگۈنچە ئالەم.
دىلتەڭ بولماڭ، كۆكتە ھىلال مىسالى،
كىلتى ئېسقلىق ھەر ئىشكىنىڭ ھەم .

*　　　　*

بۇ كۈن پۈتۈن ئالەم سۆزدە چاڭ ـ چاڭ بولدى،
شېئىر پەھمىمۇ بىر مۈشكۈل ئاڭ بولدى.
شېئىر رىۋاجىدىن قالسا نە ئەجەب،
شائىرلار تاۋۇشىدىن قۇلاق پاڭ بولدى .

*　　　　*

تەبىئىتىڭدىن جۇدا بولمىسۇن ھايا،
ئاياغ ئاستىڭغا باق، بولما بىپەرۋا.

بۇندا يالىڭاچتۇر ياخشىيۇ، يامان،
كۆزگۈ بولما، شۇنى ئىستەيدۇ ئىبا .

*      *

قەيسەر تەبئىگە رەڭ بېرەلمەي ھەيران،
تىلىغا زور بېرەر ئەقىلسىز ئىنسان.
يېغى تۈگەپ كەتكەن چىراغ پىلىكى،
كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان سىڭارى ھەر ئان .

*      *

پەس كىشىگە ياردەم بەرمە، ئەرزىمەس،
تەربىيىگە لايىق ئەمەستۇر ناكەس.
پەقەت ئاداۋەتكە خىزمەت قىلسا تىغ،
قىلما ئاڭا پەرداز قىلماقنى ھەۋەس .

*      *

ئىنسان تېنىنى ئەيلەپ ئىمتىھان،
قايگەكىم قارىما تۈگۈن نامايان.
قازا شۇنچە بوغۇن - تۈگۈن سالغانكىم،
ئۆلمەي قۇتۇلماقتا قالماپتۇ ئىمكان .

*      *

رەنجىمنى كۆزلىشەر بىر مۇنچە بىكار،
بىر ئۆمۈر دەرد بىلەن دىلى بوپ بىمار.
سېنىڭدىن يىراق دەپ بۇ ئاشىقى زار،
بىدىلگە بېرىشەر تىنىمسىز ئازار .

*      *

پەلەك گەردىنىمىزگە ئارتقان يۈككە باق،
ھىممىتىمىز كۆتۈرەر، ئەمما تاقەت تاق.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شام شولىسى باشتىن چۈشەر ئاياغقا،
ئىش خاھ نۇر چاچماق، خاھ بولسۇن يانماق .
*　　　*
ئۆمرۈمگە نادامەت بولدى ھەمئاھەڭ،
يۈز بىلىم، يۈز جۇنۇن ماڭا كۆندىلەڭ.
ئۆمۈر بويى نالەم يىرتار نەپىسىم،
كىم ھايات لىباسىن تىكمىش بۇنچە تەڭ .
*　　　*
قانچىلىك گۈزەللىك ئىگىسى جاھان،
ھىندىستان دىيارى بارىغا ماكان.
قارامتۇل جانانلار مەرغۇپ ئەمەستۇر،
لەيلىنىڭ ۋەتىنى شەكسىز ھىندىستان .
*　　　*
ئىستەك دىماغىغا بەھس ئالمىشتۇر يول،
ھەقىقىي بايلىقتىن دېدى ئاگاھ بول.
قول قوۋۇشتۇرغانتىم تەلەپ شەرمىدىن،
ھەر ئىككى دۇنيادىن بىردىن يۇدۇم قول .
*　　　*
خەلققە ئىبرەت سۆزى سۆزلەنمىدى، ئاھ،
ياخشىيۇ ياماندىن بولمىدى ئاگاھ.
ھەر جايدا ئاجىزلار يىغىنى ئىكەن،
سورمە بولدۇق، رەۋشەن بولمىدى نىگاھ .

بۇ دۇنيادا نە ـ نە پىتنە سۇردىلەر،
نەپس ئۇچۇن ھەر قانداق يولغا يۇردىلەر.

ئەدەپ نىمە بىلەي بىر ـ بىرىنى سۆكۈپ،
مەزھەپ بىناسىغا ئاساس قۇردىلەر .
* *
قاچان ئەخلاق شەرمەندىلىك كەلتۈرەر يالاڭ،
ئۇندا ھايا قاپىيەسى ھالى بولۇر تەڭ.
سۇ ھەم كۆرسە ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىنى،
نەپسىنى تارتىپ ئىچكە بولۇر مۇز ـ خەرسەڭ .
* *
يار كەلدى ئەپسۇنلە ئالدى ھوشۇمنى،
ھەيرانلىقتىن بىلمەي قالدىم ئىشىمنى.
يارغا ھەر مويۇمنىڭ ئەرزى بار ئىدى،
ئاياغىغا ئۇردۇم ئۇنسىز بېشىمنى .
* *
قاچان دىلىم ئىلمۇپەنگە يار ئەمەس ئىدى،
قىڭغىر ـ قىيسىق يۇرمەك ماڭا ئار ئەمەس ئىدى.
ئىككى جاھان ئاگاھلىقى سالدى دىلغا غەش،
قاناتىم يوق ئىكەن ـــ قەپەس تار ئەمەس ئىدى .
* *
كىمكى ناكەسلەرگە قارام بولىدۇ،
نامەرد ئالدىدا ھەم مۇلزەم بولىدۇ.
ئەگەر شىر كۈچۈككە بويسۇنار ئىكەن،
ئابرۇيى مۇشۇكتىنمۇ كەم بولىدۇ .
* *
ئەيىبدار ئۆز ئەيىبىن قىلغاندا ئىزھار،
ئۇياتسىز كۈلكىسىدىن باشلار نابىكار.

كىشىلەر ئەيىبىگە كەمرەك كۆز يۇمۇپ،
كۆپرەك ئاغزىنى ئاچار بۇنداق شەرمىسار .
* *
سېنى پەستكە ئۇرغان ھېرسلىق ئەمەسمۇ،
پالىڭنى بەت كۆرگەن ھېرسلىق ئەمەسمۇ؟
شاھ، ئەمىر ئىشىكىدە ئىتائەت بىلەن،
قولۇڭ قوۋۇشتۇرغۇزغان ھېرسلىق ئەمەسمۇ؟ !
* *
قايسى كالتەپەمكى، خەلقىدىن جۇدا،
ئەمەل دەپ بولغانتى خىرقەدىن جۇدا.
ئاياغى ئاستىدا نە بار كۆرمىگەن،
ھاۋايى بۇ باشتىن بولدى تەن جۇدا .
* *
ئەي، تېرەكنىڭ بەرگى كەبى تىترەب تۇرغان چال،
ھەم تاقەتتىن ئۆزگە ئۇمىد تاپماغىڭ مەھال.
ئۆمۈر ۋىداسى نومۇسنى يەلگە ئۇچۇرما،
ئەل ئىشىكىنى سۈپۈرمىسۇن بۇ ئاپئاق ساقال .
* *
بەلەن مەرتىۋىگە مىنسە پەس كىشى،
پەلەك ئەقىل بەرمەس، پەسلىك قىلمىشى.
ئاياغدا قاپاقتۇر ئۇلار كاللىسى،
كۆبجۇپ چىقسا پاسات يىغماقتۇر ئىشى .
* *
يار سۆھبىتى تۇن، گۇل سەيرى سەھەر ئىستەيدۇ،
ھەر ساز ئۆزگە تەرانەيى دىلبەر ئىستەيدۇ.

قارىسەم ـ دە ئاجرىيالماي لەئەل لەۋلەردىن،
چىشىسىزلىقىم ئاق سۈت بىلە شىكەر ئىستەيدۇ.

*            *

ماڭا بىقىپ كىمنىڭ كۆزى بولماس نەم،
ھالىمغا ئەپسۇسكى كىملەر يېمەس غەم؟
دوزاخقا چۈشسەم گەر، مەندىن ئۆيلىپ،
كەۋسەردىن ئارتۇقراق تەرلەر ئاتەش ھەم .

*            *

قايدا ئىقبال ئەگەر ئاپەتكە پاداش[1]،
ئاۋۋال ئەقىلسىزلەر دىلىن باسار غەش.
دۆلەت چىقىشالماس ناكەسلەر بىلەن،
خارۇخەسكە چۈشسە ياندۇرار ئاتەش .

*            *

ئۇياتقۇ، قەلبىڭدىن كەتمىسە دەۋا،
بىشىڭدىن چىقمىسا غۇرۇر ۋە سەۋدا.
نەم تۇپراقنى شامال قوزغىتالمايدۇ،
ھايا ئەھلى بولماس ئەمەلگە شەيدا .

*            *

كىمنىڭكى رەھبىرى بولۇپتۇ ھايا،
ئۇنى يوق ئېتەلمەس ئاپەت ۋە بالا.
ئايىغى ئاستىغا باقمان كۆزلەرگە،
بۇ ھەۋەس دەشتىدە چاڭ چۈشمەس ئەسلا .

---

[1] پاداش ـ بەدەل، ھەق.

*                    *

دىل بىناسىن ئۆمۈر ۋەيران قىلىدۇ،
بىزلەرنى نە گەدا، نە شاھ قىلىدۇ.
ئالغان نەپسىمىز قولدىن كەلگىچە،
خەت تارتىپ ۋاراقنى سىياھ قىلىدۇ .

*                    *

بىدىل، ئارام ھەۋىسى بەردى كۆپ ئازار،
ئۆزىنى تىيىۋېرىش قىلدى كۆپ بىزار.
دىلغا پاراغەت ھەم كەلتۈرەر كۈلپەت،
ئۆمۈر يىپى چۇۋۇلۇپ بولدى تۈگۈندار .

*                    *

يېپىلمىدى ھېرسىنىڭ ھاياسىز لېۋى،
بىدىل، يوقالمىدى ئۇنىڭ تەلىپى.
ئارقا ـ ئوڭۇ كۆمۈلۈپ كەتسە ھەم دانغا،
ئاغزى ھېچ يېپىلماس تۈگمەندەك خۇددى .

*                    *

دوستلار، ئىبرەت گۈلىن ئېتىڭ ئېتەكلەرگە جەم،
ھەر ماتەمدە يىغلاۋەرمەڭ، بولۇڭ خاتىرجەم.
مەن يارىمدىن ئايرىلساممەن، ئۆلۈم مانا شۇ،
گەر كۆزىڭىز بولسا ماڭا تۇتىڭىز ماتەم .

*                    *

ئەل ئارا ئەدەبدىن ئەفسانە قالدى،
نە تۇغقاننى بىلىش، نە بېگانە قالدى.
شاھمات دانىسىدەك بىر ـ بىردىن قىرىش،
ئاخىر نە بىر خىشت، نە خانە قالدى .

*　　　*

ئەگەر ئىشق تېۋىپى تاپالىسا دەرمان،
قۇرۇق تەسكىن كېرەك ئەمەس بىگۇمان.
ھەر كۆيگەنگە باردۇر ئۆزىن تۇزلۇقى،
ئىسسىق كۇل توزغىسا چوغ چىقار ئاسان .

*　　　*

دوستلار، نە يارۇ، نە ئەغيارغا يىغلاڭ،
نە ۋاپات ئەتكەن، نە بىمارغا يىغلاڭ.
ئۇلپەتلەردىن ئايرىلدىم، مېنىڭ دەردىم كۆپ،
بارچىنى قويۇڭۇ مەن زارغا يىغلاڭ .

*　　　*

كۆزلىرىم يىغلارمۇ بىرەر ئادەمدىن،
يا دىلىم قورشىغان قايغۇ ـ ئەلەمدىن.
شام كەبى ھەر نەپەس كۆز ياش تۆكمەن،
يىغلارمەن ئۆزۈمگە تۇتقان ماتەمدىن .

*　　　*

دوستلۇقتۇر ئىتتىپاق بولۇپ يىغىلىش،
بىر ـ بىرىدىن ئاجرالماي سايىدەك يۈرۈش.
بۇ ۋاپا بەزمىدە ئۇنداق دوستتىن كەچ،
كېيىن كېلىپ، ئالدىن كەتسە مىسلى چىش .

*　　　*

ھەر ئىشارەت سەنۇ مەندە، ئەي ئىنسان،
نازۇك پەھىملەرگە بۇ سىرلار ئايان.
ياقۇپ دىماغىدەك نىگاھ پەيدا قىل،
يۇسۇپ ئۆز كۆڭلىكى ھىدىدا نىھان .

*　　　　　*

ئېشەك كېرىلىدۇ، توقۇمى زەررىن،
ئەسلىدە نە ئەدەپ بار ئۇندا، نە دىن.
سۇلتان ئەمىلىدىن كېرىلگەن ئادەم،
كامالغا يەتكۈزەر ئۆز قاباھىتىن .

*　　　　　*

كەلگىنىدە ئەتە قىيامەت زامان،
ئاسىيلارغا رەھمەت يىغىلۇر چەندان.
بىدىل ھەزىل ـ چاقچاق يازغان بولسىمۇ،
مەلەكلەرگە تەسبىھ بولۇر ئۇ ھامان .

*　　　　　*

چىمەن شەۋقى ئۆيدىن چىقاردى بىر كۈن،
گۈلدە سېھىر كۆردۈم، لالىدە ئەپسۇن.
نەرگىس جىگىرىمگە ئوت تاشلاپ، قىلدى،
كۆزۈمنى باھارۇ، ئۆزۈمنى مەجنۇن .

*　　　　　*

باغمەن، يۈز خىل رەڭگۇ بۇي كۆرسىتەرمەن،
دېڭىزمەن، يۈز نەھرۇ سۇ كۆرسىتەرمەن.
ئەي سىر ئىزلىگۈچى، مېنى ئۇنۇتما!
ئاخىر ئۇندىن ھەم بەلگە كۆرسىتەرمەن .

*　　　　　*

دېڭىز مەۋجى قەترە ئاددىي سۇ ئەكسەر،
دۇرغا قوشۇلدىيۇ بولدى ئۇ گەۋھەر.
سۆز ئەسلىي شامالۇ شائىر نەزمىدە،
مەۋزۇن بولغاچ ئۇلدى سەددى ئىسكەندەر.

*                                        *

بۇگۈن ئۆزگىرىشكە ئۇچرىدى زامان،
ھەتتا ئايالللاردا مەردلىك نامايان.
شۇنداق كېتىۋەرسە بالا ئېمىتمەك،
ئەركەك زاتىغىمۇ بولىدۇ ئاسان .

*                                        *

بۇ قوۋمنى  پەلەك سۇلتان دەر ئىكەن،
ھۇزۇرىدا سۇرۇك يۇمشاقراق سۇخەن.
مۇسا قورقمىسا ھەم ھېچ فىرئەۋنىدىن،
ھەق سۆزىنى ئېيتاتتى ئەدەپ بىلەن .

*                                        *

دەشت ـ سەھرا ھەۋىسى قىينامىش بول كۈن،
يا باغ سەۋداسىغا دىل بولمىش تۇتقۇن.
باغۇ راغدا پاراكەندە دىلىڭنى،
جەملەسەڭ تاپۇرسەن پاراغەت مۇلكىن .

*                                        *

گاداي لىباسىدا كەلدىڭىز، ئەمما،
ئەسلىي ماكانىڭىز يۇكسەك ئول ساما.
مېھرىبانلىق قىلىڭ بىر ـ بىرىڭىزگە،
ئاسمان ئىدىڭىزغۇ، بولماڭ زىرىپا[1].

*                                        *

شەيخۇ زاھىد ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ بولدى،
كەمالەت ۋەراغى رىياغا بولدى،

---

[1] زىرىپا ـــ ئاياغ ئاستى.

زۇھدۇ تەقۋا ئىدى ئىنسانلىق پەخرى،
نادانلار دەستىدىن شەرم ئىلە سولدى .
* *
بىدىل، بۇ ئۇرۇنۇش تا ئەبەد نېمە،
بۇ ھەۋەستە ئەيىب چۇ خۇبۇ بەد نېمە؟
قىدىرىپ - قىدىرىپ كەتتىلەر كۆپلەر،
ھېچكىمگە مەلۇمەس كى مەقسەت نېمە؟
* *
بۇ قوۋمكى، بولمىش مەدرىسىگە جەم،
بىلىسەنمۇ قايدىن بولمىش مۇكەررەم.
ئېگەر - توقۇم لازىم ئېشەكلىك ئۈچۈن،
شۇلارنى تاپماستىن بولمىشلار ئادەم .
* *
ئەگەر قىيامەتكە يېتەلىسە يولۇم،
كۆرەر ئىدىم جەننەتنىڭ گۇللەردىن سولىم.
دوزاخ ئاتەشىنىڭ پۈتۈن يالقۇنى،
ئەرزىيتتى بىر بارە چەكمەككە چىلىم .
* *
مەردۇم ئارا كىبرۇ ھەسەت كۆپ ئىكەن،
بىلمەك كېرەك بارىن كىم ھەدىيە ئەتكەن.
شەيتان مۇردا ئىدى، ئېتىقاد ئەھلى،
شام يېقىپ مازىرىن قىلدىلار روشەن .
* *
ئىبرەت باغى جىسمى ئۈزەر ئەرتەلەب،
ئېچىلمىشدى ماتەم گۇللىرى يۈزلەپ.

ئەمما بۇ تەبەسسۇم يا ياقا يىرتىش،
نەئىكەنىن سوراشقا ھېچكىم ئاچماس لەب

*　　　*

بېشىمغا تاش تەگدى، ئايىغىمدا خار،
يۈرەك خۇن بولدىيۇ لەۋلەرىمدە زار.
ھەيھات، قايگە باراي، نېمىلەر قىلاي؟
سەندىن ئۇزاقتىمەن ئاخىر بولدۇم خار .

*　　　*

ئىشىمىز ئىبرەتى رەھناما قاچان؟
دىل نېچۈن بىھۇدە ئۇرۇنار ھەريان؟
يۈرۈك، قايغا تارتار نەپس مەزھىپى،
بۇ سىلسىلە قايدا تاپقۇسى پايان؟

*　　　*

سەمىمىي سۆزلىمەك بولدى باي بىر پەس،
دەرۋىشلىكسىز كەم - كۇس ھېچ تولۇق ئەمەس.
قورسىقى توقلۇقتىن كېلەر كېكىرىك،
مەيدىسى بوشىسا تەڭشىلەر نەپەس .

*　　　*

نەپس خۇن بولدى - يۇ، لەۋدە يوق پەرياد،
مۇرادقا يەتمىدى بۇ دىلى ناشاد.
ئۆمۈر مەۋھۇم ئۆتتى پارامۇشلۇقتا،
ھەتتا يۈزىمىزنى ئاچالماي كۇشاد .

*　　　*

بىدىل رۇبائىياتىن سەنئىتى باردۇر،
ھەقۇ ناھەق جاھانىنىڭ سۈرىتى باردۇر.

بەزەن قەسرۇ ھۆرلەرگە بولۇر ئائىنە،
بەزەن كىشەن، زەنجىردە ھالىتى باردۇر .
* *
ئېگىز ـ پەسلىك قوشۇلۇپ قالسىلەر ئەگەر،
پەس تەبىئەت غالىب كېلەر ھەر سەپەر.
سۈزۈك سۇ تىندۇرالماس لايلىق سۇنى ھېچ،
لاي سۇ تىنىق سۇنى تېزلا لاي ئېتەر .
* *
نە يامانلىق كۆردۇڭ مەي، راۋابتىن، بىدىل،
تەۋبە نېچۈن ئىستىدىڭ مېھرابدىن، بىدىل.
رەھمىتىدىن يۇمۇپسەن ئۇمىد كۆزىنى،
قورقىسەن ـ دە، گۇناھۇ ئازابدىن، بىدىل .
* *
كۆپ ئۆيىن كۆرستەر بۇ چەرخ بىناسى،
تۇرلۇك ـ تۇرلۇك ئىزدەر چىمەن ئاراسى.
گاھ ياشلىق، يىگىتلىك، گاھى قېرىلىق...
ئۆمۈر ئۆتەر باردۇر خوپ تاماشاسى .
* *
بەزىلەر كېلىشەر دەپ ئىلمۇ ھۇنەر،
بەزىلەر كېلىشەر ئىستەپ كۇمۇش ـ زەر.
خىيال قەسرى ئىچرە ھەۋەس شوتىسىن،
قاي پەللىسىدە، شۇنچە ئېلىشار .
* *
بەزىلەر خىيالدا تالىبى جەننەت،
بۇگۇن ھالاك ئېتەر ئەرتەڭنى ئىشرەت.

تەبىئەتلىرىدە تەمىز بولمىغاچ،
بەجا خىياللارغا ئەسىر، بىئۇيات .
*　　　　*
بەسكى دىلىم سىنىڭ خىيالىڭغا بەند،
غەم قاناتى سالمىش سايىسى ھەرچەند.
ئۆلۈپ، كەتكەندىمۇ تورزۇپ كىرپىكلەر،
سەندىن ئۈمىد ئۈزمەس چاك بولسا گەرچەند .
*　　　　*
بارلىقنىڭ تەھلىلى نەق نەزەر بولۇر،
شۇبھە ۋەيرانۇ ھەق مۇقەررەر بولۇر.
ئەلى بۇنداق قىلدى، بۇ بەكر بۇنداق...
بۇلاردىن، ئەفسانە چۆچەكلەر بولۇر .
*　　　　*
دۇنيا ئىبرىتىدىن دىلدا غەم بۇنياد،
كاشكى بولالىساق بۇ ھەسرەتتىن ئازاد.
ئۆلدۈك ھىچ قولاقتا يەتمەي ئاھىمىز،
فەريات، بۇ بىدەۋا غەشلىكتىن فەريات .
*　　　　*
بىر ئىنسانمەن، دىلىم تىنماس تېپىشتىن،
قاندىكى ئارزۇ دەپ تىنمام چېچىشتىن.
شام كەبى بىر جايدا تۇرغانىمدا ھەم،
يولۇم يىپى ئىنىق ماڭا كۆپ ئىشتىن .
*　　　　*
سىخىيلىق لاپىنى ئۇرار بەدۆلەت،
شەيخ رەھنەمالىقنى قىلار قىرائەت.

بۇ باغ ئىچرە بىز مېۋىسىز گۈلمىز،
بىزدىن تەلەپ قىلار خۇشبۇيلۇق پەقەت .
*                    *
ئىبرەت كۆزى بىلەن كۆرۈپ زىبانى،
خۇنۇك نۇقسان، كامال، لەفزۇ مەنانى.
غەم ئەسىرى كۆرۈپ مەردۇ دانانى،
«مەلئۇن» دەپ كېتىشتى ئۇشبۇ دۇنيانى .
*                    *
بىلكى، تۇزەلمەكچى بولسا ھەم ئالچاق،
مەكرۇھلىقى ئەستى بولمىغان ئاداق.
غۇسلۇ تاھارەتتىن ئاڭا نە پايدا،
ئىت ھۆل بولسا تېنى يەنە ئىپلاسراق .
*                    *
بىدىلىنىڭ بولسا ھەم كۆز يېشى راۋان،
ھەر قەدىمىگە دىل ـ جىگىرى قۇربان.
ئالەم دەسمايىسى ھەر بىر جۇدالىق،
ۋىدا ئاھاڭىدىن جان ساقلىغاي، جان .
*                    *
سېنىڭسىز بىدىلىنىڭ نادامىتى بار،
يالغۇز بولسا ھەمكى قانائىتى بار.
ئۇنداق ھاسىلدىن ھېچ ئايرىما، يارەب،
دانىسىدە زەررە گەر مىننىتى بار .
*                    *
كامال ئەھلى كەتتى، قەدىردان يىغلار،
ياد ئېتىپ فەيزلەردىن بۇ زامان يىغلار.

سۇخەندانلار كەتتى، ئەمما سۆزلەرىن،
مېغىزىن چېقىپ قەلەم قارا قان يىغلار.

* *

قاي دىل سىزەر ئاجىز تاقەت نەۋاسىن،
قاي ھوش باسار چۆچەك ـ ئىبرەت ھەۋىسىن.
كىمگە يېتەر پايمال قۇمۇرسقە دادى،
مۇرۇۋۋەت قولىدىن تاپار دەۋاسىن .

* *

بەزىلەر بى نىشان يۇرتتىن جار سالدى،
نەگە؟ قاچان؟ مەن...، سەن... دەپ ئالدىراپ قالدى.
ئاخىرى بىلدىكى، كېتەر يوقلۇققا،
ئۇياتتىن كېپەنگە ئورىنىپ ئالدى .

* *

ئەلەم كەبى باسمىشلەر ئاق ساچلار باشتە،
ئۆلۈم سىلى بېشىمدىن ئاشقۇدەك قاشتە.
ئەي نادان، ئىسسىق جانغا ئۇمىد باغلىما،
تەپت بولارمۇ كۇلدەك قار باسقان ئاتەشتە .

* *

فەزىلىڭدىن ئۆزۈڭگە نەپ تەگمىسە ئەگەر،
تىرىشقىنىڭ بىلەن ھېچ قىلمىغاي ئەسەر.
كۆزلىرىڭ ئاچ كاتتىراق، ھەر تامان ئىبرەت،
يىلتىزدىن چىقىدۇغۇ ھەر قانداق سەمەر .

* *

نە كەلتۈرەر بولسا ساڭا خىجالەت،
ھېچنەرسە قالدۇرمىسا گەر ئۆلۈم قىسمەت.

ئەگەر پاك، مەرد بولساڭ بالا ـ چاقاڭغا،
مال ـ دۇنيا قالدۇرما، قالدۇرغىن ئىسمەت .
* *
بۇندا تىكەنسىز گۈل تېپىلماس زىنھار،
ئىشرەتنىڭ كەينىدىن چەكمە كۆپ ئازار.
جاپاسىز بولمايدۇ ئىنسان ئارامى،
خەزىنە بولسىلا شەكسىز يىلان بار .
* *
بۇ كۆڭلى قارىلار ھەممىسى بىر تەن،
ئۆلۈشتى نەپ كۆرمەي دىلدىكى نۇردىن.
يېتىشار كېپەندە گويا ئۆلگەندەك،
كۈل باسقان كۆمۈردىن پەرقى يوق لېكىن .
* *
بىر خىل بولۇر مەدەت، ھەقنىڭ زۇھۇرى،
تۇرلۇكچە چۇشىنەر ئادەم شۇئۇرى.
ياقۇت بىللۇردەك رەڭ ئىستېداتى،
قۇياش چەشمىسىدىن بارىنىڭ نۇرى .
* *
كىمنىڭ دىلى تاپسا ئارامدىن خەۋەر،
كىشى سۆھبەتىدىن ئەيلىگەي ھەزەر.
نەفەس تىنماي كۆڭۈل راھەتى دۇشۋار،
يىپ ئۇستۇن دەپ كۆكسىن تەشتىلەر گەۋھەر .
* *
بىدىلنىڭ شېئىرىنى ئوقۇ، ياخشى باق،
«بىكارچى سۆزلەر كۆپ بەكمۇ يالتىراق.»

www.uyghurkitap.com

دەپ مېنى سۆكمىگىن، ئالىي بىر ۋۇجۇد،
ئىنساندا ھەم باردۇر ھېسسىز موي، تىرناق.

*　　　　*

ئىنسانغا كىرپىك ھەم لەۋ قىلىپ پەيدا،
سۆز ۋە كۆز يولىنى يېپىپتۇ قازا.
ئورۇنسىز ئاچمىغىن كۆزنى - ئېغىزنى،
بۇ دىلغا ۋەھىمە، ئۇ باشقا بالا .

*　　　　*

ھەر كىم ئۆز رىزقىنى تېرىشكە تەييار،
ئىتقا ئىت، خەرگە خەر بولماس خىزمەتكار.
بۇ ئۇيات ئىش پەقەت ئادەملەرگە خاس،
بار ئىمكاندىن قىلمىش شۇنى ئىختىيار .

*　　　　*

ئۆز لېيىدىن ئاخىر بولسىلار مۇلزەم،
رەقىب دەۋاسىدىن ئۆزگە قالقان كەم.
رەقىبى قانىتى ئاستىغا بېشىن،
يوشۇرار جەڭدە لەت يېگەن خوراز ھەم .

*　　　　*

باشقا تەشۋىش چۇشۇپ قىلسا بىتاقەت،
قەبر ئەھلىنى بېرىپ قىلغىن زىيارەت.
سېنىڭدەك تەشۋىشلىك ئىدى ئۇلارمۇ،
ئاخىر تۇپراق بولدى، تەشۋىش نە ھاجەت .

*　　　　*

ساڭا ئارام، بىنىشانلىق بولسا مەنزۇر،
پېقىرلارغا ئاشنالىقتىن تاپقىن ھۇزۇر.

دىماغىڭدا شۆھرەت زەۋقى بولسا پەيدا،
شاھۇ ئەمىر ئاشىنالىقى بولغاي زەرۇر .

*　　　　　*

خەلق ئىچىندە سەن زالىملىق نامىن ئالما،
ئاجىزلارغا زۇلۇم كۆرسىتىپ، جانىن ئالما.
ئاچلىقىڭدىن ئۆلگەندىمۇ زىنھار، زىنھار،
چۇمۇلىنىڭ ئېغىزىدىكى دانىن ئالما.

*　　　　　*

ئەي ئاھىم، دىلىمدىن ئۇچتۇڭمۇ ئاخىر،
ۋاي نالەم، كۆڭۈلدىن كۆچتۇڭمۇ ئاخىر؟!
كۆزۈم خانىسىدە تاپالماي تىنىم،
كۆز يېشىم، تۇپراققا چۇشتۇڭمۇ ئاخىر؟ !

*　　　　　*

تەشۋىشلىك بۇ ئالەمدە جەھد ئەيلە تەكرار،
تەئىبىڭدە قوپاللىقتىن قالمىسۇن ئاسار.
بىر ـ ئىككى تاش بولسا ھەم ئاياغ ئاستىدا،
تايدۇرار تۇز يولدىن، ئۇنۇتما زىنھار.

*　　　　　*

جۇدا بولغان دوستلار تېپىشىپ تەكرار،
قانلىق كۆز ياشلارىن تىيسە ھەم يەك بار.
ئەمما سىرداش دوستلۇق ۋاپا مەزمۇنى،
ھىجران دەملەرى دەپ يىغلىشىدۇ زار .

*　　　　　*

ھەسەت گەر بىلىنمەي كەتمىش ناگىھان،
بەرىبىر كىشىلەر تەبئىدە پىنھان.

تۇپراق ئاستىدا ھەم قايناپ ياتىدۇ،
مويلار بولۇپ يىلان، سۆڭەكلەر چايان .

*                                  *

ئىززەت دېسەڭ، پەستنى يولداش ئەتمىگىن،
جاي تاللا ئۇلۇغۋار سايىسى تېگىدىن.
دۇرغا يېتەلمەسسەن ئېرىق سۈيىدىن،
ئەي قەترە، مەھكەم تۇت دەريا ئېتىكىن .

*                                  *

بىدىل، كىمنىڭ ئەقلى نېمىگە قادىر،
پەقەت شۇنچە ئىبرەت ئالىدۇ ئاخىر.
غاپىل دىلى جاھان غېمىدىن خالىي،
ئۆي قاراڭغۇ بولسا، كورغا بەرىبىر .

*                                  *

بىر تېۋىپ يېنىغا كېلىپ بىر ئىنسان،
دېمىش: «قارنىم كور ـ كور قىلىدۇ ھامان.
ھەزىم بولمايدۇ ھېچ يېگەن تامىقىم»
دېدى: «ھەزىم قىلىپ ئاندىن يە، نادان.»

*                                  *

كۆز يېشىم ھەم كەتتى ئاجىزلىق سارى،
ھېچ جايغا يەتمىدى تامچىلار بارى.
يىپتىن نېرى يول يوق تەسبىھ دانىگە،
يېشىم چىقالمىدى كىرپىكتىن نارى .

*                                  *

بۇگۈن بەرگىن بەرداش، بىھايا، بەدكار،
تەبئىدە قالمىدى نومۇستىن ئاسار.

شاھمات تاختىسىدەك ھەر تەرەپ باقساڭ،
يۈز خانە بار، بارى بىدارۇ دىۋار .

*　　　　*

ئۆزگىرىشچان ئالەم، بۇندا كۆپ نەيرەڭ،
شەۋكىتىڭدىن قىلما بەختىڭنى داۋراڭ.
بۇندا پەستۇ بەلەندلىكنىڭ پەرقى يوق،
ئاياغ ئاستىن چىقىپ، باشقا قونار چاڭ.

*　　　　*

قىلدىم كۆپ ئىمتىھان، قەرز ئالما ھەرگىز،
بەرسىمۇ ساڭا جان، قەرز ئالما ھەرگىز.
تۆگەتمەك مۈشكۈلدۇر، ئاچتىن ئۆلسەڭ ئۆل،
ئادەملەردىن بىر نان، قەرز ئالما ھەرگىز .

*　　　　*

بىدىل، سال شىكەست سازىڭغا قۇلاق،
ھەمدە بىكەس دىلىڭ تومۇرى ئۇشلاپ باق:
بۇندا يىقىلغانلار بىسيارۇ بىسيار،
ئۆزۈڭگە رەھىم ئەيلە، قولۇڭ تۇت ھەر ۋاق .

*　　　　*

ۋائىز، ئەپسۇن بىلەن دىلغا بەرمە تاب،
تازە مەيگە بىكار قوشما نەمەكئاب[1].
مىجەزىم تۈزەلمەس سوغۇق دېمىڭدىن،
ئىسسىق شېشىگە سەن ئۇرما سوغۇق ئاب .

[1] نەمەكئاب ــ تۇزلۇق سۇ.

*　　　*

ئەپسۇس، جاھان ئۆزى مايەسىز بولغان،
كەرەم تىمىنىڭ تېگى ئۇلىسىزدۇر بولغان.
ھىممەت ھەم پەسلىككە قاراپ سۆزلىگىن،
بارچەنىڭ دىۋارى سايىسىز بولغان .

*　　　*

ئاخىر يوق بولۇرمىز، ئالەم نەيرەڭۋاز،
ئاق چاچلاردا قالماس رەنالىقۇ ناز.
ئاتەش ئىبرەتگاھى كۈل ئەمەسمۇ، كۈل،
قانات سۇنغاچ يەرگە كۆمۈلەر پەرۋاز .

*　　　*

ئەي قەسىر ئەھلى، كۆلبە ئەھلىدىن كۈلمە،
بەختىڭ باش، چاللارنى مەسخىرە قىلمە.
فىرئەۋن نېمە كۆردى ئاخىر ئىنساندىن،
ئەي باي، يوقسۇللارنى ناتىۋان بىلمە .

*　　　*

ئۆچمىشتۇر مەدرەسە چىراغى بولغان،
قاينار بىمەنىلىك بۇلاغى بولغان.
بەھسلىك ئىشىكىن قاقماقتا موللا،
بەك ياغراق نادانلىق دۇمباغى بولغان .

*　　　*

دىلىم چىمەن ئىچرە خۇررەمدۇر بولغان،
جەننەت ئەكسى كۆزگە مەلھەمدۇر بولغان.
بىزنىڭ كۈلبىمىزگە دىلدار كېلەدۇر،
بايرام، قارا، قانداق بايرامدۇر بولغان .



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

*                    *

قاچانغىچە بۇ ھېرىس ئوتىدا يانماق،
جانىڭ تەھلىكىدە، سەن مالغا ئىناق.
پىلىكۇ خەشەكنىڭ ھەقىقىتىن كۆر،
ئىككىسىلا ياغاچسىز يانالماس ئۇزاق .

*                    *

مەن كەتتىم، سورۇندا دەۋران جام ھۇنۇز،
باشلاردا ھاۋايۇ ھەۋەس خام ھۇنۇز.
قۇلاقتا تاش تەگكەن شىشەم جاراڭلار،
ئۆتكەن ھاياتىمدىن بوش پەيغەم[1] ھۇنۇز.

*                    *

ناتىۋان غۇبارمەن مىسالى نەپەس،
پەقەت لاپقا بارمەن مىسالى نەپەس.
خوپ ۋە بەد زەھمەتى گەردىنىمدە يوك،
سىتەمدىن ئەپگارمەن مىسالى نەپەس .

*                    *

ئىشقۇ ھەۋەس ۋادىسىنىڭ تۈنىدە، بىدىل،
ھەر كىمسەنىڭ شان مەقسۇدى بېرەر بىر مەنزىل.
مەئزۇر تۇتۇڭ مېنىڭ يولۇم سۆز يولى بولدى،
ئۆمرۇم ئۇندىن ياخشىراققا بولمىدى مايىل .

*                    *

كىشى تا تەمىزدىن ئاجرالمىسا گەر،
تىللا ـ كۇمۇش كەيفى ئاڭا بىئەسەر.

---

[1] پەيغەم ــ ئۇچۇر، خەۋەر.

ئادەمزات ھەممە ۋاقىت قويغاندا خىينە،
بىھېس تىرناقلارغا ياخشىراق يۇقەر .
*                    *
ئاسمان خۇددى نەيرەڭۋازنىڭ قولىدا قەپەس،
پەقەت غافىل قىلۇر ئۇندىن توغۇرلۇق ھەۋەس.
ئەپسۇن ئىلە تولۇق نەقشى ـ پەرگار سىزىقى،
قاي بۆلىكىن ئالىپ باقما ئەگىرلىكتۇر بەس .
*                    *
بۇ ناز ئالەمدۇر، بۇندا ھەر بىر كەس،
باشقىنى چۈشەنمەس، ئۆزنى بىلسە بەس.
ئەنقا مەنىسىگە يەتمىدى چىۋىن،
ئەنقامۇ پاشىغا ھېچ يېقىنلاشماس .
*                    *
بايرام كېلىپ، باھار گۈل ئاچتى قات ـ قات،
ئىشقۇ ھەۋەس بىلەن قاينار تەبىئەت.
قاي تەرەپكە كۆزۈم ئاچىپ باقمايىن،
ئايلىنىشار سېنىڭ باشىڭدىن پەقەت .
*                    *
ئەي ئەقلىم قولى، سۆز دەپ بالا يازما،
ھەقىقەتسىز بىرەر بىر نەۋا يازما.
ئەگەر ھەقشۇناسلىق بولسا تەبىئىتىڭدە،
يارقىن قۇياش نامىن قاپقارا يازما.
*                    *
ئەي جاھالەت بەندىسى، تۇرمۇشى غەپلەت،
كەمالەتتىن كۆپ ئۇزاق ۋە ناقىس فىترەت.

بىر ئۆمۈر باقىيلىقتىن بىمەنە بەھسىڭ،
نەسەبنامەڭنى ئەمدى قىلما قىرائەت .

*　　　　　　　　*

كەچ ئۇشىشاق تەشۋىشتىن بولساڭ بەركامال،
سەللىدە ئەمەس ئەقىل، بۇ پىكىردىن قال.
ئادەمگەرچىلىكتىن بولسا بىر قىل بەس،
ئېيىقتەك باش ـ ئاياغ بولمىغىن ساقال .

*　　　　　　　　*

ئېتىبار ئالەمدە شاھمۇ يا دەرۋىش،
ئىشلىرى ئېھتىياتلىق دىۋارىن قۇرۇش.
تەدبىرسىزلەر دائىم ئاپەتكە نىشان،
تاشقا باش ئۇرار كىمدە بولمىسا ئەس ـ ھوش .

*　　　　　　　　*

سىرلار ئالەمدە دەرۋىش، بەدۆلەت،
ئاختۇرماقچى بولدى قايدا ھەقىقەت.
نەچچە ۋاقىت يالقۇندەك قانات قاقتىيۇ،
كۈل بولۇپ نەپسى ئۆچتى ئاقىۋەت .

*　　　　　　　　*

ئۆزۈڭ ـ چۈن مەي خۇمىدەك قاينا ھەمىشە،
ئۆزگىلەرگە خامۇشلۇق ئەيلىگىن پېشە.
زەرەر كۆرمەيىن دېسەڭ بەدۇ نېك سۆزدىن،
قۇلاقتا تىقىنلى بول مىسالى شىشە .

*　　　　　　　　*

مېنى داغ ئەيلىدى بارلىق دەرد غەشى،
ئۆمۈر ئىسسىق ـ سوغۇق ئايقاش ـ ئۇيقاشى[1] .

---

[1] ئايقاش ـ ئۇيقاشى ـ قالايمىقانچىلىقى.

سۇبھى ئەزەل چەكتىم تەڭ دىلدىن بىر ئاھ،
ھۇنۇز ئۆچمەس ئوشۇل ئاھىم ئاتەشى .

*　　　*

ئەي ھايات مەزمۇنىنى ئىزلىگەن ئادەم،
ھەربىر كىتاب سەترىن دىلغا ئەيلە مەلھەم.
بىدىل رۇبائىياتتىن سەير ئەت، تاپۇرسەن،
دەرد ئىبرەت، تەسەۋۋۇف، تەتقىق ئۆمۈر ھەم .

*　　　*

ھىند مەركىزىدە تا خەتتى مۇلتان،
ھەم ئىراقتىن تارتىپ تا يەزدۇ كاسان.
قاي بىر شەھەرنىكى، كۆرۈپ ئۆتمىدىم،
ئاۋۋال كۆز كۆرگىنى ــــ قارا گۆرىستان .

*　　　*

شاھمۇ، دەرۋىشمۇ بۇ جاھان ئەھبابى،
ھەر بىرىن ئارزۇسى ــــ كۆڭۈل سەرابى.
ئىسكەندەر ئىستىدى ئابىھايات، لېكىن،
تاپقىنى ئائىنە ۋە چەشمە ئابى .

*　　　*

شاھۇ دەرۋىش تولۇق بۇ زەرى ئاسمان،
بىر ياقتا بايلىقۇ پېقىرلىق بىر يان.
قانچىلىك ئېگىزگە كۆتۈرۈلمىسۇن،
ئۇ قەسىردە بولماس ئىككىتە نارۋان .

*　　　*

يۈز شۈكرى، تۈرلۈك دىن ھەر تۈرلۈك مىللەت،
ئادەملىرى ئۈچرىغاندا كۆرسەتتىم ھۆرمەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سايە كەبى ھەر تەرەپكە بولسامۇ راۋان،
يول ئوزۇقۇم كىشىلەرگە بولدى مۇھەببەت.

*  *

ئۇ نۇسخاكى، باشتىن ئاياغ پۇرمەنا،
ھەر خەتدە چېكىتلەر بىرلىكى پەيدا.
كۆپچىلىك بىرلىشىپ ئەزىم خەلق بولۇر،
دېڭىزدا ساناقسىز تامچە مۇھەييا .

*  *

ئۆز بىلىمسىزلىكىن بىلسۇن، دەپ ئاللاھ،
يۈز ھۇنەرگە دىلىڭ ئەيلىدى ھەمراھ.
يىڭنە كەبى يۈز خىل كىيىمدىن ئۆتسەڭ،
يالغانچىلىقىڭدىن بولۇرسەن ئاگاھ .

*  *

ئەي ئەقىل، جەھىلگە سەن باب بولمىغىن،
مال ـ دۇنيا يىغىشقا ئەسباب بولمىغىن.
يىلتىزىڭ بۇلۇتتىن سەراب چاغىدا،
سۇ مەركىزىگە ئىنتىل، ھۇباب بولمىغىن .

*  *

زالىم ئۇستىدىكى شاھى، مەخمەلى،
يوشۇرۇپ ئالالماس دەغەل[1] تەبئىنى.
سىناقتىن كۆپ قېتىم ئۆتكەنكى شەمشەر،
ئۇستا قولىن كېسەر سەيقەل مەھەلى .

---

[1] دەغەل ــ قوپال.

*　　　　*

سۈركەلمەك بولاركەن قاي ئىشقا يولداش،
ئەرتىپكە سالغۇسى سەبىر ئىلە بەرداش.
بىنا قۇرۇش پىكرى گۈل ئاچار ئىكەن،
مىمار قەلبىن باسار ئاۋۋالقى زىل تاش .

*　　　　*

شاھلىقتىن، بايلىقتىن ئەيلىمە سوراق،
دۇنيا غوۋغالىرى قەلبىدە بۇلاق.
تا باشتىن تاجىنى ئۈچۈرمىسا يەل،
شامدەك ئاتەش ئىچرە ئۇ باشتىن ـ ئاياق .

*　　　　*

بىدىل، ۋەھشەتناك دىل چاچماقدا شەرەر،
سەرگۈزەشتىم ئەيتسام دېڭىزغا ئەگەر.
بېلىقلار تەنلىرى چوغدەك قىزىغاي،
تەنلىرى ئوت چۈشكەن قەغەزدەك يەنار .

*　　　　*

ئەي ئالەم ھالىدىن بىخەۋەر ئادەم،
بەلەن مەرتىۋەڭدىن كېرىلمە ھەردەم.
بېشىڭ ئۇزرە سايە سالغان بۇ دىۋار،
ئەتىگە تۈزلىنىپ تاپىدۇ بەرھەم .

*　　　　*

ئەقل مۇشتى ئىچرە كىلىت بار، بىراق،
ئۆز مۇشكۈللەرىن ئۇ ئاچماقتىن يىراق.
ھەيرانلىق يېڭىدۇ بۇندا تەدبىرنى،
ئۆز بارماق تۈگۈنىن ئاچالماس تىرناق .

*                    *

ۋائىزلار بۇ دۇنيادا ئۆزىدىن مەسرۇر،
تەبىئىي ھەۋەستىن رازىيۇ مەغرۇر.
بىكار كۆتۈرمىدۇق بىز ھەم بېشىمىز،
پەخرىمىز دەسمايىسى بىزدىن ئۇزاقتۇر .

*                    *

تا چەرخ ئايلانماققا بەرمىسە بەرھەم،
تەسىر توختىلىپ قالمىغاي بىر دەم.
جىم ياتقان تاشلارمۇ ئايلانۇر لەئىلگە،
دائىم ئىشتادۇر تىنچ كۆرۈنگەن تاش ھەم .

*                    *

بىراۋغا بىر نەرسە ئەيلىسەڭ ئېھسان،
نامىنى تىلىگىغا ئالمىغىن ئاسان.
ئۇ نەرسىنىڭ نامىن تىلىگىغا ئالساڭ،
ئىنئامىڭنى قايتۇرۇپ ئالغاندىن يامان .

*                    *

بىدىل، گۇم بولغانمەن پەيدالىقىمدىن،
كۆيگەنمەن جۇنۇنۇ شەيدالىقىمدىن.
دېمەكىم ئاھ ـ نالەم يەكتالىقىمدىن،
يىغلايمەن ھامان تەنھالىقىمدىن .

*                    *

ياخشى كىيىم ـ كېچەك قىلما پىسەندە،
بولما پەقەت تاماق، قورساققا بەندە.
ساڭا چېنەلمىسۇن بارچە بارمىقى،
زۇلۇمغۇ بۇ شۆھرەت، بولما شەرمەندە .

*　　　　*

مەرد كەسبۇ كارىغا بولسا ئەخلاق يار،
قىلىدىن تىغ چىقارماق ئۇنىڭ ئۈچۈن ئار.
تەبەسسۇم بىلەن ئىش تاپسا سەرەنجام،
يۇرۇشتۇرۇپ كۆرمە پېشانەڭ زىنھار .

*　　　　*

چاڭ كۆتۈرگەچ چۈن يەر باسىلىپ ياتار،
ئۈيات، گەر دىماغىڭ ئاسمانغا يېتەر.
تەبىئىڭ قوبۇل ئەتمەس خىيالدا بارىن،
بۇ قۇرۇق خىيالدا نە ھالۋا، نە شەكەر .

*　　　　*

كىمدەكى قوپال فېئىل بولمىش نامايان،
بىلىمدان بولسىمۇ، نەپرەتكە نىشان.
ئالەمنى زەبت ئېتەر گۈزەللىك، بىلسەڭ،
ئەخلاقىي ھۆسۈندۇر، شۇنى دە ھەرئان .

*　　　　*

بىدىل، بۇ نە ھەرىپلەرۇ نە نۇقتە ئىزى،
مۇتلەق مەنە بولمىسا، چىرىك يىلتىزى.
«ئۇ - بۇ» دەپ ئويلاۋېرىش دىلىڭ تىرنايدۇ،
خاتاسىز بولماس ئىكەن ھېچ ۋاراق يۈزى .

*　　　　*

بىدىل، قارا، قانچىلىك كۆيگەن بۇ جان مىسلى شام،
كۆيمەك شەۋقىدە قانات قاقتىم ھەر يان مىسلى شام.
بۇندا ئۆزۈمنى كۆرۈپ، تىنماي ياش ئاققۇزماقتا،
ئۈستىخان ئىچرە كۆزۈم بولمىش پىنھان مىسلى شام .

*　　　*

كىم بولسا ھەسەتچى، يۈرەكى قارا،
كۆرسەم ياخشىلارغا ياخشىلىق راۋا.
خۇمار ھالىنى تەڭ كۆرمەك قەستىدە،
قارغا ئۇستىخاننى كۆمۈر خاك ئارا .

*　　　*

دەيرۇ كەبە قايدا دەپ بۇندا ھەلاك،
بەزىلەر جانىدىن كېچىشەر بىباك.
ھەر كىم پەيدا قىلدى چىدام بايلىغىن،
باشىن تاشقا ئۇرۇپ، ئاخىر بولدى خاك .

*　　　*

بىدىل، ئىمكان، باغىدىن ئىستىمە راھەت،
سەرۋۇ سۈمەن ئاياغى لايدا ئامانەت.
ھەم لالىسى قولىدا خۇن تولغان قەدەھ،
ھەم غۇنچىسى باغرىدا ئەلىمى قات ـ قات .

*　　　*

ئول بەدمەست سەنەمنىڭ ئىشقىدا كۆڭۈل،
غەمىن كۆتۈرەلمەي بولدىغۇ چىل ـ چىل.
بىر ئۆمۈر ئولتۇردۇق ۋاپا بەزمىدە،
ئۇنىڭ قولىدا جام، بىزنىڭكىدە دىل .

*　　　*

يېڭى ئاينى تامدىن قىلاي ئىستىقبال،
دەپ تامغا چىقتى ئول باھارى ئىقبال.
ھۆسنى تابانىدىن شەرمەندە بولۇپ،
قۇياش پاتىپ كەتتى، خەم بولدى ھىلال .

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

*　　　*

دۇنيا ئەيشىن مالالى باردۇر باغرىدا،
شوخلۇقنىڭ بىر ئىشكالى باردۇر باغرىدا.
بولما غاپىل خېنە رەڭ ھەقىقەتتىن،
بۇ ئاتەشنىڭ كۆمۈرى باردۇر باغرىدا .

*　　　*

مەنسەپ، بايلىق غېمىگە تولۇپ ـ تاشسا دىل،
پېقىر ناتىۋانلارغا خىزمەتتە بولغىل.
ساڭا قىممەت بولغان ئۇ دۇررى يەتىم،
قوْم ئىلە بىر ياتار، كېزىپ باق ساھىل .

*　　　*

گاھ كۈمۈش ـ تىللا دەپ، ئىلتىجا ئاۋاز،
گاھى گۈل، شاراب دەپ ھەۋەستە پەرداز.
تۇپراقتىن چىقىپ، تا تۇپراق بولغۇچە،
تۇپراقتا يۈز نەيرەڭ قىلىمىز ئاغاز .

*　　　*

مەكتەپتە يۈز ساۋاق بىز گاھ كۆردۈك،
ھەم ياخشى ـ يامانۇ بەد ـ زىبا كۆردۈك.
ئاخىر ھەيرەت قىلدى سەۋدانى روشەن،
«ئائىنە» يازدۇق ـ دە، تاماشا كۆردۈك .

*　　　*

مەيپەرەسلەر سىرىغا مەھرەم بولغانىم زامان،
كۇفرۇدىن زەنجىرىدىن ئازاد بولدۇممەن ئاسان.
ئىدىش رەڭىن ئالغۇچى مەيدەك بولدۇم ياللاڭغاچ،
ھەمسۆھبەتلەرگە مايىل، مەيلى ياخشىمۇ، يامان.

*                                    *

ھەۋەس ھەم بەزىدە ئەتەڭدىن چىقماس،
بارچە ئائىنە ھەم جەڭ، زەڭدىن چىقماس.
ھەر دىل ئىشق كەيپىدىن خەۋەر بېرەلمەس،
بۇنداق شۇلا ھېچبىر خەرسەڭدىن چىقماس.

*                                    *

گۇللەپ تۇرغان باغمۇ يەر خازان غېمىن،
شام نۇر چېچىپ تارتار كۆيمەك ئەلىمىن.
ئېتىبار گۇلشىنى ئاپەتسىز ئەمەس،
بىدىل، ياشا كۆرمەي ھېچ ئۆلۈم دېمىن.

*                                    *

گەرچى ئەقىل بىلەن مىڭ مەھفىل[1] روشەن،
كامىل سەۋاد تاپماق كۆپ مۇشكۇل روشەن.
ئىشق يالقۇنى ئەگەر بولسا مەنقەلدە[2]،
مىڭ كۆزنى قىلىدۇ بىرلا دىل روشەن.

*                                    *

قاچانغىچە ئالەم يا ئىلاھ غېمى،
قاچانغىچە ئاقۇ قارا ئەلىمى.
قاي رەڭدە بولسا ھەم خۇشۋاقت بول بۇ كۈن،
ئەي بارلىق ـ يوقلۇقنىڭ گۇمراھ ئادىمى.

*                                    *

قاچانغىچە چاپىش، ئەي شورى قىيامەت، ئۆتەر،
قاچانغىچە تېنەرسەن، بىر دەم ئەت راھەت، ئۆتەر.

---

[1] مەھفىل ــــ يىغىلىش، سورۇن.
[2] مەنقەل ــــ ئاتەشدان.

ئايىغىڭغا سانجىلغان تىكەن دەيدۇكى،
«ئەي بىھۇدە ھەرىكەت، بىر سائەت ئۆتەر».

*　　　　　*

قاچانغىچە پەرىشانلىق سۇرىدۇ كالام،
ھەۋەس دەرسىمىزگە جاۋاب ناتامام.
دانىش لاپى غەپلەت ئارامىن بۇزدى،
سەپسەتە ئۇيقۇمىز ئەيلىدى ھارام.

*　　　　　*

خۇلاسىسىز مەندىن ئەسلا سۆز ئاچما،
شىكايەت تۇمارى ئۆزگىگە ئاچما.
نامىم كۆتۈرۈلسۇن يادىڭدىن، مەيلى،
ياد ئېتىپ، باش ئاغرىق ئۇرۇغىن چاچما.

*　　　　　*

ئەي تېز پىشار مېۋە، بىر دەم ئەسكىرمە،
يېڭىلىنىش ئۆزى كەرەم، ئەسكىرمە.
ياشناپ تۇرغان باغسەن، تىكەنزار ئەمەس،
ئەي سەن يېڭى مەنە، ھېچھەم ئەسكىرمە.

*　　　　　*

سازدىن ئاۋاز چىقماس تەگمىسە مىزراب،
يىپقا دۇر تېگىلمەس بېرىلمىسە تاب.
پانۇس يا شام بولماق ئەمەستۇر ئاسان،
قانغا ئايلانمايىن ياقۇت بولماس ئاب.

*　　　　　*

دەريا سۈيى باشى ئەسلي جويى[1] دىل،
سەھرا غۇبارىنىڭ جايى كويى دىل.

---

[1] جوي — ئېرىق.

ئۈيۈغان قان قاچان ھوشقا كىرىدۇ،
ھەتتا بىدىلدىن ھەم كېلۇر بۇيى دىل.

*            *

ھەر ئورمانىنىڭ بولسا ئۆز ئارسلانى،
ئۆز لەھەڭى ماكان ئەتسە دەريانى.
تەسلىم بولغان باشتا قىلىچ ئويناتما،
ئېگىلگەن كامانىنىڭ بار تىر - پەررانى.

*            *

تا كىشى ياقۇتتەك دىلخۇن بولمىغاي،
ۋاپا مۇلكىدە نەرخى ئەفزۇن بولمىغاي.
تەبىئەتتە ھەر تاش ياقۇت بولالماس،
ھەر قەترە سۇ دۇررى مەكنۇن بولمىغاي.

*            *

بەدەۋلەتتىن ئۈمىد قىلمىغىن ئاسان،
كاتتىلىقتىن ئۆزگە لىباسى گۇمران.
بۇلاردىن ھىمايە ئارزۇسى پۇچدۇر،
سايە بەرمەس تېمى كۆك ئۆپەر ئايۋان.

*            *

ئۆزگىلەر ھەققىدە يامان سۆز سۆزلەش،
ھەسەد جىلاۋىنى تۇتماقنى كۆزلەش.
ئاغزىڭغا تاش سېنىڭ، ئەي ئاتەش زەبان،
بىناۋا ئۆيگە تاشلىما ئاتەش.

*            *

ئىنشا ھەۋەس قىلما ئايا پۇچ ئادەم،
گاھ مىرزا بولساڭ، گاھ سۇلتانى ئەرەم.

بىر زۇملىك ئۆمرۈڭدە قالما ئۇياتقا،
ئەتە نە بولۇرسەن، شۇ بول بۈگۈن ھەم.

*　　　　*

سەۋەبسىز يىراقتىسەن، ۋىسال كۈن ئەكسەر،
مەنە كەيپىڭدىن يىراق، قولۇڭدا ساغەر.
ھەم قۇياش ھەققەتۇ ھەم ھاك زەررىسى،
مەئزۇر تۇتايلۇق كۆزۈڭ كور بولسا ئەگەر.

*　　　　*

جۇنۇنىم سازىيۇ ئۇچقۇر ھەيئىتىم[1]،
ئاشۇفتە ئەيلەدى ئالتە جىھەتىم.
ئاتەش كۆرگەن مويدىن قىلسۇن قەلەمىن،
رەسسام ئەگەر سىزماق بولسا سۈرەتىم.

*　　　　*

ئەي ئەشكىم، دوست كويى تامان تاپقىن يول،
ئەي كۆز، نىگاھ تاشلىساڭچۇ، ھەسرىتىڭ مول.
ئەلىپ قامەت ئەسكە چۈشسە، سىينەم ئاھى،
سەن ھەم تىككە چىقىپ كۆككە، ئەلىپتەك بول.

*　　　　*

كىچە يولدا كۆردۈم كۆزگۈ پەرچەسى[2] فەرەڭ،
ئىشق دەردىدە چۈل - چۈل ئايىنىڭ ئەكسى بۇ، ئەتتەڭ.
ئۇنىڭ نەۋا پەردىسىدىن چىقادۇر ئاۋاز،
«ئەي خۇدبىنلەر، مەن تامانغا بىر بارە قاراڭ!»

---

[1] ھەيئەت — بىر خىل يۇلتۇزلار تۈركۈمى بولۇپ، مۇنەججىملەر مۇشۇ يۇلتۇزلارغا قاراپ كىشىلەرگە پال ئاچىدۇ.
[2] پەرچە — بىر خىل قىلىن يىپەك رەخت.

*                *

مەرد بولساڭ، ۋەھىمە يولىن قوغلىما،
كۆزگۈدىكى گۈلنىڭ ئىسىنى تۇيما.
بۇندا قانچە چۆچەك جەم بولۇپ ياتۇر،
كۆرۈنمىگەن سۇغا قولۇڭنى يۇما.

*                *

بۇ مۇكاپات مۈلكىن ئېگىز ـ پەستى بار،
تەجرىبە قىلمىشلار دانالار بىسيار.
دەرلەر قۇدرەت چېغىڭ ھېچكىمگە زۇلۇم
قىلما، زەئىپلىكتە كۆرمەيسەن ئازار.

*                *

قولدىن كەتكەننىڭكى قايتۇرماق ئاسان
ئەمەس ئىكەن، چەكسەم دوست مىننەتىن، جان.
ئادالەت چىدامى كېمەيتكەندە ھەم،
زىنھار قوبۇل ئەتمە بىراۋدىن ئېھسان.

*                *

بىدىل، ئالەمدە بىر ياخشى، يامان دەپ،
مىللەتۇ مەزھەبتىن تىلغا بەرمە زەرب.
تا قىيامەت مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ،
تۇخمىڭ شۇندا ئۆسۈپ، تاپقىنىڭ تەرەب.

*                *

ئاجىزنى ئەزمەككە زالىمى ئىركىت[1]،
قانلىق لىباس كىيەر بىر قانخور تەقلىت.

---

[1] ئىركىت ـ ئىپلاس، پاسكىنا.

تاش يۈرەككە دەھشەت بولسۇن شوئارىڭ،
قىزىغان تۆمۈرنى تۆمۈردە ئىرغىت.

* *

تۇرار جايىڭ ساۋىي ۋە ياكى گەنجە،
تەۋەككۇلدىن بەرمە ئۆزۈڭگە رەنجە.
پەند يېمە، سەۋەبسىز بولمىغاي ھېچ ئىش،
تىرناقسىز بىر تۇگۇن ئاچالماس پەنجە.

* *

ئەي خوجا، تەسكىن تاپ دىل بولسا ناشاد،
ئۆز ئار ـ نومۇسۇڭدىن سورىغىن ئىمداد.
خادىمىڭدىن ئۆتكەن بولسا خاتالىق،
سابىق خىزمەتلىرىن ياد ئەيلىگىن، ياد.

* *

شەيخ بولساڭ ھېچكىمگە سەن ھۆكۈم قىلما،
ئەدەپ رىشتىسىنى ئەسلا گۇم قىلما.
خەلق ھۇزۇرىغا بار توغرا ۋە ھالال،
تەتۈر بارما، ساقالنى مىسلى دۇم قىلما.

* *

ئەي، تاغ سابات، لاپ سۆز، بى ئىمان بولما،
خاتىرجەم قىل كۆڭلۈڭ، پەرىشان بولما.
ئەقلىڭ يەتكىنىچە بىلىپ ئىلىۋەر،
فەھمىڭ نۇقسانىدىن پۇشايمان بولما.

* *

ئىشقىنىڭ ئىمتىھانى ئەپسۇندۇر، ئەپسۇن،
تەلۋىلىك غۇبارىن تارتار مەجنۇن.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆلدە ئوت بارلىقى سېزىلمەس، ئەمما،
سۇ ئۇرساڭ ئۇنىڭدىمۇ چىقىدۇ تۈتۈن.
*　　　　*
بارلىقنىڭ بۇنيادى بىمادار نەپەس،
هايات كۆرۈنگەندە ئېتىبار نەپەس.
سەھەر شەبادەسىن شەمالغا يازساڭ،
بۇ كىتابقا ھەم يىپ ھەمدە تار نەپەس.
*　　　　*
قاچانغىچە قىزىتايىن بازارى ھەسرەت،
قاچانغىچە ئەپسانەيۇ ئازارى ھەسرەت؟!
كاشكىدى بۇ غەمدىن سۇ بولالىسام، سۇ
پايىڭغا تۆكۈلسە نە بارى ھەسرەت.
*　　　　*
ھەمكارلىق تاپمىدى پەلەك، ئاسماندىن،
لىباس كىيەلمىدىم ئەمنۇ ئاماندىن.
ئەي دان، سەن رازى بول، قۇتۇلالمايسەن،
ئۈن بولۇپ يانجىلماي مۇشۇ تۈگمەندىن.
*　　　　*
مەجنۇن ئىشقتا كۆيمىش ئەۋۋەلىدە ھەم،
سازى كۆيەر نالە - نەغمە قىلغان دەم.
ئىشق لافىنى ئۇرۇپ ياشىماق خاتا،
قانات كۆيسە، ئۇچۇش كۆيەدۇر باھەم.
*　　　　*
ئايىغلىرىڭ ئىزى ئىككى كۆزىمىز،
كېلىشىڭگە مۇشتاق بۇندا ئۆزىمىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كۆزىمىزدىن كەتتىڭ مىسالى نىگاھ،
ئەمما بوشىمىدى سەندىن كۆزىمىز.

*                    *

ئىشق يولىغا كىرسە ئاقىلۇ مەجنۇن،
بۇتخانا، مەسچىتتە چېلىشار قالۇن.
ئۇ دۇنيادا پىنھان ئىشق ۋە ئۇلۇغلۇق،
بۇندا ھەتتا تاشتىن چىقىرار ئۇچقۇن.

*                    *

ئېزىلگەن ھەر تۇپراق سىرلار ماكانى،
توزغىتىپ چۇشكەن ھەر پەي ئۇچۇش بايانى.
باغ قىزىل، سېرىغىن ئىنكار ئەتمىگىن،
ھەر بەرگۇ ھەر كوكات رەڭۇ ناز قانى.

*                    *

غەزەپتىن ئاگاھلىق ئۆتمەستۇر سەندە،
ئاداۋەتتىن راستلىق پۇتمەستۇر سەندە.
قىلمىشىڭ ئۆزۈڭگە كەلتۇرەر بالا،
سۆزۈڭدىن خۇنۇكلۇك كەتمەستۇر سەندە.

*                    *

ئارىپ زەخمەت تارتىپ يۇرمەس قارىساڭ:
«بۇ نە جىلۋە سۆزۈ، ئۇندا قانداق رەڭ؟»
ھەر دەرەخ مېۋىسى، ھەر گۇل رەڭگى بار ,
ھايات نېمىلىكىن ئەگەردە بىلسەڭ.

*                    *

مالدارلارغا قارا پىكىرلىرى خام،
كىبرۇ غۇرۇرلىرى ئۆزلىرىگە دام.

بۇنداق تاشباغىرلار ئۇزۇك كۆزىگە،
ماڭلاي ئەجىنەدەك يازدۇرۇپتۇ نام.

*  *

بېخىل نان سۇيىنى تەگەيدۇ تېجەپ،
ۋە لېكىن ئۆيلىرى بېزىلەر ئەجەب.
كۆزىنى ياغ بېسىپ، يۇمۇلسا مەيلى،
تويمايدۇ توپلىغان مېلىغا قاراپ.

*  *

مەي كاسىسى ئەمەس، چەشمى فەتتاتىنىڭ[1]،
مەي سېنىڭ نىگاھىڭ، ئابى ھايۋانىڭ.
مەيخانا ئىشىكى، دىۋارۇ خۇمى،
كىرپىكىڭ سايىسى، قارا مىژگانىڭ.

*  *

زاھىد مەيخانىدىن ئىستەپ ھەقىقەت،
تەسبىھدىن ھەم كەچتى، قالدى مەي پەقەت.
ساقالۇ يەلۇ دۇم، سەللىنى دېمەس،
ئاخىر ئىنسان بولدى بۇ ئېشەك سۇپەت.

*  *

بۇ كۇن نەسىمى دىلدارىم كېلۇر،
بويى گۇلى كۆپ ئىنتىزارىم كېلۇر.
ۋەقتىدە ئالايىن جىلۋىسىدىن رەڭ،
كۆزگۇدەك كۆرستەي، باھارىم كېلۇر.

---

[1] چەشمى فەتتات ــ جازىبىلىك كۆز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

* *

بىدىل، بۇندا شائىر ـ سۇخەندان كۆپتۇر،
بىز ئازمىز، بىگانە ناشايان كۆپتۇر.
بىزلەردىن ئاڭلىغىن، بىزدىن ئىبرەت ئال،
مەدداھلىق غۇرۇرى مىڭ چەندان كۆپتۇر.

* *

ۋەھىم مەجلىسىدە يوقتۇر مەناسى،
كىمنىڭ كۆڭلىدە گەر ئىلىم دەۋاسى.
مەست دىۋانە ئۇردى كوزىسىن تاشقا،
بېشىدا قالمىدى شاراب سەۋداسى.

* *

سۆز لۇتفىن تۇيالماس ھەرقانداق قۇلاق،
دىلىمدىن ئۆتكۇزەي سەزسۇن يار شۇ چاغ.
بۇلبۇلدەك نالەم بىر گۇلگە ئاتالغان،
ئەمما ئۇنى تىڭلار باغ باشتىن ـ ئاياغ.

* *

بىر ـ بىرىگە ئىتتىپاق بولسا گەر يولداش،
ئاداشماي يارىشار مەغرۇر تۇتۇپ باش.
قايدا ئىتتىپاقلىق تاپىدۇ زاۋال.
تۇپتۇزلا يولدىمۇ پەيدا بولۇر تاش.

* *

ھىممەت كەمىرىنى باغلىسا پېقىر،
يۈز ئەيبۇ، نەپس ئىتىن باغلىغاي زەنجىر.
مەنمەنلىك ئىشكىنى بېكىتەر ئېھسان،
بېخىل تەبىئتى بولىدۇ دىلگىر.

*　　　　　　*

مۇھەببەت ئورنىنى باسسا گەر شەھۋەت،
ھەۋەسكە ئايلانسا گەر ئىشقىي سۆھبەت.
مىڭ ئەپسۇس خەشەككە ئىنتىلسە ئاتەش،
جاھان بايلىقىدىن نە ئالۇر ھىممەت.

*　　　　　　*

تاكى سۆز قېلىپىغا چۈشكۈچە مەزمۇن،
ئۇنى ئويلاۋېرىپ دىلىڭ بولۇر خۇن.
دىلغا تۇگۇن سالۇر يۇزلەپ سەكتەلىك[1]،
تا نالە مىسراسى بولغۇچە مەۋزۇن[2].

*　　　　　　*

ئىنسان ئۆز پەيلىدىن يىغلىمايدىمۇ؟!
يۈكسەك كامالىدىن يىغلىمايدىمۇ؟!
گەردۇن بىر دەم كۆرسە ئۆزىنى تۇپراقتا،
ئېيتىڭ، بۇ ھالىدىن يىغلىمايدىمۇ؟!

*　　　　　　*

بۇندا ھەقىقەتتىن نىشان كۆرمەيسەن،
ئىشقتا ھەۋەس، شەۋقنى ئاسان كۆرمەيسەن.
تۇپراق ئەينەك ئەمەس، قانچە نۇر چاچسا،
سايە كۆرسەنۇ ئىنسان كۆرمەيسەن.

*　　　　　　*

بىدىلىنىڭ نە كۈلپەت، نە رەنجى باردۇر،
خۇرسەنلىك تەبئىدە گۈل، چېچى باردۇر.

---

[1] سەكتە ــ ئېغىر ھوشسىزلىق كېسىلى.
[2] مەۋزۇن ــ قەددى كېلىشكەن، تۈز.

ئەتە سەھەر بەرباد ئەتسىلەر خاكىن،
ھۆسنى ھېكايەسىن نىمرەگى باردۇر.

*　　　*

كىم ئۆزىن ماختاشتا ئاچار ئىكەن لەب،
كۆزلەرىم كۆرسىتەر بىزگە سۇرمىلەپ.
بۈگۈن ئايىغىمىز ئاستىدىكى قۇم،
كېچە ئاغىزلاردا خوپ چاينالغان گەپ.

*　　　*

مەزەھ، دۇپۇلدەشتىن تاق بولسۇن يۇرەك،
ھەر سۆزۈڭ ئارزۇدەك بولمىقى كېرەك.
ئەدەپ بىساتىمەس مەسخىرىۋازلىق،
ھەر قېتىم ئېغىز ئاچساڭ كۆلكە بولاچەك[1].

*　　　*

پۇقرادىن خەۋەر ئالماس بايى ئالچاق،
كىبىردىن كۆزگە كۆرۈنمەس ئاياق.
غۇرۇردىن شۇنچىلار كۆتۈرەر بېشىن،
ھە دېمەي بويۇندىن ھەم كېتەر ئۇزاق.

*　　　*

كىشىلەر يۇمغانمۇ كۆڭۈل كۆزىنى،
كىرپىكلەر ئوچۇقمۇ تۇيماس ئۆزىنى.
كۆپ ھەق گەپ ئېيتىلدى، بىدىلمۇ ئېيتتى،
لېكىن چۈشەنمىدى ئۇنىڭ سۆزىنى.

---

[1] بولاچەك ــ بولغۇسى.

*　　　　*

سۆز ئىبتىماققا ئاغزىن ئاچسا ئەگەر يار،
مەسىھ نەپەسدە ئاجايىب بوي بار.
قەلەمپۇر مونچاقتۇر يا مۇشكى خوتەن،
يا ئەتىر دەر ئىمىش رەيھانۇ گۇلزار.

*　　　　*

مازىرىم ئۇياتلىق، بىپەرۋا ئۆتمە،
نىچۇك ھالاك بولدۇم، بىناۋا ئۆتمە.
خىجالەتتىن تەرلەپ ئۆتتى بار ئۆمرۈم،
مەرد بولساڭ خاكىمدىن بىنىگاھ ئۆتمە.